# شىنجاڭ تارىخىدىن پارچىلار

## 新疆文史



1997

1

# شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر

## 1997- يىل 1- سان

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى،
ش ئۇ ئا ر تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقات يۇرتىنىڭ
ئىلمىي ژۇرنىلى

تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى: تۇرسۇن سادىر
مۇئاۋىن مۇدىرى: ئابلىز مۇسا

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئۇيغۇر ئېلىپبەسى تەرتىپى بويىچە تىزىلدى):
ئابدۇكېرىم راخمان، ئابدۇمەنناپ ئەبەۋ، توختى باقى، قادىر ئەكبەر، قادىر ھاپىز،
لى جىڭشى، ئىبراھىم مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇن

باش مۇھەررىر: قادىر ھاپىز (ئالىي مۇھەررىر)

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: تۇردى قادىر نازىرى

# ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!

«شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر» ژۇرنىلى سىز بىلەن يەنە يۈز كۆرۈشكەنلىكى مۇناسىۋەتى بىلەن سىزگە قىزغىن سالام يوللايدۇ!

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقات يۇرتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر» ژۇرنىلى سىز بىلەن تۇنجى قېتىم يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن بىر نەچچە سان چىقىرىلىپ، مەلۇم ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن توختاپ قالغانىدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقىدا، تارىخىي ماتېرىياللار ھەققىدىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، بۇ ژۇرنالنى داۋاملىق چىقىرىش قارار قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ژۇرنال سىز بىلەن قايتا دىدارلىشىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدى. بۇ، شەكسىزكى، ھەممىمىز ئۈچۈن بىر خۇشاللىق.

«شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر» قەرەلسىز چىقىدىغان ئىلمىي ژۇرنال، ئۇ پارتىيە 15-قۇرۇلتىيى روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تارىخىي ۋە مەدەنىي مىراسلىرىنى قېزىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ، بولۇپمۇ ئىلىم - پەننى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا تۆرتكە بولىدۇ. كونكرېتراق قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ژۇرنال ئۆزىنىڭ «تارىختىن تامچە»، «تارىخىي شەخسلەر»، «ئەسلىمە»، «تارىخ ۋە يۇمۇر»، «ماتېرىيال ساندۇقى»، «تارىخىي قوشاقلار»، «گۈزەل سەنئەت» ۋە «ئېتنوگرافىيە» قاتارلىق رەڭدار سەھىپىلىرى ئارقىلىق تارىخىي ماتېرىيال تەتقىقاتىنى قاناتيايدۇرۇپ، ئەۋلادلارغا تارىخىي بىلىم بېرىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەن بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىغا ھەسسە قوشۇشنى ئۆزىنىڭ مەقسىتى قىلىدۇ.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن!

ژۇرنىلىمىزنىڭ مەقسىتى يۈكسەك، ئەمما بىزنىڭ قۇربىمىز چەكلىك. شۇنداق بولغاچقا، بۇ ژۇرنال ھەر ساھەدىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا موھتاج. شۇڭا سىزنىڭ يۇقىرىدىكى سەھىپىلەر بويىچە ماقالە بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشىڭىزنى، ژۇرنىلىمىزدىكى ماقالىلەرنىڭ مەزمۇنى، تەھرىرلىك ئىشلىرىمىزدىكى يېتەرسىزلىكلەر توغرىسىدا تەكلىپ، تەنقىد بېرىشىڭىزنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز. قەلىمىڭىزگە ئۇتۇق يار بولسۇن!

«شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر» ژۇرنىلى
تەھرىر بۆلۈمى

# مۇندەرىجە

## تارىختىن تامچە

جاڭ زىگېنىڭ ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ھەققىدە يازغانلىرى .............. چېن شىمىڭ 3

## مۇھاكىمە ۋە تەتقىقات

چەت ئەل مەنبەلىرىدىكى ئۇيغۇر-فولكلورى .................... ئابدۇشۇكۇر تۇردى 20

## ماتېرىيال ساندۇقى

ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدىكى رولى ............. زۇلپىيە تۇرسۇن 30
شېڭ شىسەينىڭ مەنسەپتىن ئېلىپ تاشلىنىشى ............................. 34

## ساۋات

يىپەك يولى دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە چۈشەنچە .................... 35

## ئەسلىمە

پەرەنجىلىك ئايال ........................... (ياپونىيە) سېزىكى سىمكو 37

مۇقاۋىدا: مەلىكە ئامانىنسانىڭ مەقبەرىسى                يالقۇن ھابىل فوتوسى
مۇقاۋىنىڭ 4-بېتىدە: قەشقەر كونىشەھەردىكى مورا بودداخارابىسى     يالقۇن ھابىل فوتوسى
مۇقاۋىنىڭ 3 - بېتىدىكى ھۆسىن خەتلەرنىڭ ئۈستىدىكىسىنى قايىنام جاپپار، ئاستىدىكىسىنى تۇردى قادىر نازىرى يازغان.

# جاڭ زىگېنىڭ ئابدۇكېرىم ئابباسوپ توغرىسىدا يازغانلىرى

چېن شىمىڭ

«تارىخ ھامان قىپيالىڭاچ بولىدۇ، لېكىن كىشىلەر ئۇنى پەردازلاشقا ئامراق»، بۇ بىر ئەرەپ دانىشمەنىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزى.

بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر ئىلگىرى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدا يۈز بەرگەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئەزەلدىن بۇيان بىر چەكلەنگەن رايون بولۇپ كەلدى، بۇ تارىخنى تىلغا ئېلىشقا بولىدىكى، ئۇنى ئۇجۇر-بۇجۇرىنگىچە سۆزلەشكە بولمىدى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، خەلقئارا ئارقا كۆرۈنۈشىمۇ، مەملىكەت ئىچىدىكى ئامىلىمۇ بولغان بۇ كۆرەش تېخىچە بىرەر تارىخىي خاتىرە تىپىدىكى ئەدەبىي ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگىنى يوق.

شىنجاڭدا نۇرغۇن يىل ئىشلىگەن، ئىلگىرى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان ۋە شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىدىمۇ ۋەزىپە ئۆتىگەن پروفېسسور جاڭ زىگې 80 ياشتىن ئاشقان چېغىدا بۇ چەكلەنگەن رايونغا دادىل بۆسۈپ كىرىپ، «قانغا بۇيالغان قۇملۇق» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىقىپ، مۇرەككەپ ئىلى بورانلىرىنىڭ سىرلىق چۈمبەردىسىنى ئېچىۋەتتى. بۇ كىتاب ـ «تارىخنىڭ مەزمۇنىنى تارىخقا قايتۇرۇپ بەرگەن» («ماركس— ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 1- توم 650 ـ بەت) بۆسۈش روھىغا ئىگە تارىخىي خاتىرە تىپىدىكى ئەدەبىي ئەسەر. ئۇ گەرچە تولستوينىڭ «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»، شولوخوۋنىڭ «تىنچ دون» دېگەن ئەسەرلىرىدەك ئېپوس تىپىدىكى يىرىك تارىخىي ئەسەر بولمىسىمۇ، ئۇنىڭدا تامچە سۇدىن قۇياشنىڭ ئەكسىنى كۆرۈشتەك تەپەككۇر ئۇسۇلى ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ ئۇلۇغ بۇرۇلۇش دەۋرىدىكى كىچىككىنە بىر دولقۇن ئىخچام سۈرەتلەپ بېرىلگەن.

بۇ كىتاب 19 باب، 99 پاراگراف بولۇپ، خەت سانى 260 مىڭغا يېتىدۇ. ئۇنىڭدا «مۇقەددىمە» مۇ، «خاتىمە» مۇ يوق. ئۇنىڭدا تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆز قاراش تارىخىي ماتېرىياللارغا سىڭدۈرۈلۈپ، كىتابخانلارغا تارىخنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. ئۇنىڭدىكى نەتىجە، خاتالىق، ھەق- ناھەققە دائىر ئىشلار كىشىلەرنىڭ ئەركىن پىكىر يۈرگۈزۈپ كۆرۈشىگە ئەرزىيدۇ.

كىتابتا ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ ئىنقىلابىي ئەمەلىيىتى ئاساس قىلىنىپ، 40- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا يۈز بەرگەن، زوراۋان ھاكىمىيەتكە، زۇلۇمغا قارشى سىنىپىي كۈرەشتىن باشلىنىپ، پەيدىنپەي كەڭ كۆلەملىك مىللىي قىرغىنچىلىققا يۈزلەنگەن تراگېدىيە سادىقلىق بىلەن يورۇتۇپ بېرىلگەن؛ شىنجاڭنى ۋەتىنىمىز خەرىتىسىنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋەتكەن «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش

ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانى ھەمدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئاخىرىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەسىرىدە بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىشىدىكى سەۋەب-نەتىجىلەر خەلقى-ئالەمگە جاكارلانغان.

كىتابتا باش قەھرىماننىڭ چوڭ دۆلەت شوۋىنىزمىنىڭ زېمىن كېڭەيمىچىلىكى بىلەن ۋەتەن زېمىنىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى قوغداش ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىشىشتا خىيالپەرەستلىك قىلىش، غايە تىكلەشتىن تارتىپ پىشىپ يېتىلگىچە بولغان ئىنقىلاب ئەمەلىيىتى، ئادالەتپەرۋەر، ھەقىقەتكە ئىنتىلىدىغان، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزىدىغان، كەلگۈسىگە تەلپۈنىدىغان روھىي دۇنياسى ئالاھىدە سۈرەتلەپ بېرىلگەن. ئاپتور ئىنچىكىلەپ يېزىش، ئومۇمىي مەنزىرە ۋە يان مەنزىرىنى سۈرەتلەش، ئالاھىدە تەسۋىرلەش، ئۇچۇق بايان قىلىش قاتارلىق مونتاژ ۋاسىتىسىنى قوللىنىپ، 20 نەچچە كۆرۈنۈش ئارقىلىق باش قەھرىماننىڭ قىسقىغىنە ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. بۇ كۆرۈنۈشلەر مۇنۇلار: لىن جىلۇنىڭ ئويغىنىشى، چېن تەنچيۇنىڭ ئىلھام بېرىشى، ساۋەنگە سۈرگۈن قىلىنىش، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ تەسىرى، موسكۋاغا بېرىپ 3- ئىنتېرناتسىئونالنى ئىزدەش، ستالىننىڭ قوبۇل قىلىشى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى گېنېرالىنىڭ قىزىنىڭ بۇيرۇق بويىچە ئابدۇكېرىم ئابباسوپ بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشۈشى، سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيەسىگە كىرىش ئىلتىماسنامىسىگە قول قويماسلىق، شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خەرىتىسىدە بىر دۆلەت بولۇپ قېلىشى، ستالىننىڭ قوزغىلاڭ پىلانىنى تەستىقلىشى ھەمدە ئادەم، پۇل، مىلتىق، زەمبىرەك ۋە مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتىشى، ئۇلارنىڭ شىنجاڭ تەۋەسىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، يەرلىك قوراللىق كۈچلەر بىلەن ئۇچرىشىشى، شەھەر ئىچى ۋە ھەرەمباغدىكى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان پاجىئەلىك زور قىرغىنچىلىق، دەسلەپكى سۆيگىنى ياڭ فېڭيىنىڭ قورال تاشلىغان ئەسىرلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە نارازى بولۇپ ئۆلۈۋېلىشى، خەنزۇ قىز لۇي سۇشىن بىلەن دادىل جۈپ بولۇش، نەنجىڭغا بېرىپ گومىنداڭغا قاتنىشىپ، يوي يۈرېننىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى تېپىش، دۇڭ بىۋۇنىڭ تاپشۇرۇقىنى ۋە راتسىيىنى ئېلىپ كېلىش، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى پېڭ گۇيەننى قوغداپ غۇلجىغا ئېلىپ كېلىش، گومىنداڭنىڭ پېشۋاسى يوي يۈرېن بىلەن بولغان بېرىش- كېلىش، جاڭ زىگېنىڭ ئابدۇكېرىم ئابباسوپ بىلەن قويۇق دوست بولۇپ قېلىشى قاتارلىقلار. ئاپتور كونكرېت، جانلىق تەپسىلاتلار ئارقىلىق ھەربىر ئىشنى ئىنچىكە بايان قىلىپ، ئېگىرى- توقاي ۋەقەلىكلەر ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىپ، كىتابخانلارنى مۇشۇ بوران- چاپقۇن ئىچىگە ئېلىپ كىرىدۇ. كىتابنىڭ باش-ئاخىرى باغلانغان، بايانلاردا ياسالمىلىق يوق. ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن رەزىللىك، گۈزەللىك بىلەن پەسكەشلىك، جان بىلەن تەن، مۇھەببەت بىلەن نەپرەت، ئىنسانىي تەبىئەت بىلەن ھايۋانىي تەبىئەت، ئادالەت بىلەن بىر تەرەپلىمە قاراش، ئىلگىرىلەش بىلەن چېكىنىش، چىنلىق بىلەن ساختىلىق...... قاتارلىقلار ھەممە كۆرۈنۈشكە سىڭدۈرۈلگەن.

گيوگو: «ئومۇمىيلىقنى چۈشىنىش تارىخقا موھتاج، تەپسىلاتنى چۈشىنىش ئاجايىپ- غارايىپ ۋەقەلەرگە موھتاج» دېگەن.

يۇي يۇرېن «ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ئاجايىپ ـ فارايىپلىق قىممىتىگە ئىگە ئادەم» دېگەنىدى.

تەپسىلات ئاجايىپ ـ فارايىپلىقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئاجايىپ ـ غارايىپلىق تەپسىلاتقا تايىنىدۇ. تۆۋەندە بىرنەچچە ئابزاس ئاجايىپ ـ غارايىپ تەپسىلاتنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

بىرىنچى، «ئاق پىشلاق» نىڭ ئالاقىلىشىشى ئارقىلىق («ئاق پىشلاق» سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېنېرالى كوتوزوۋنىڭ ئامراق قىزى بولۇپ، تولۇق ئىسمى ئاننا ئاندرىيېۋنا كوتوزوۋا ئىدى، ئاخبارات ئورگىنىدا ئىشلەتتى) ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ بىر ماتېرىيال ئامبىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنىدى...... ئۇنىڭ ئىچىدىكى تۆت ئۆيدە پۈتۈنلەي شىنجاڭغا دائىر ماتېرىياللار بار ئىدى......تامغا ئىككى خەرىتە ئېسىلغان بولۇپ، بىرسى قولدا سىزىلغانىدى. ... تاشقى موڭغۇل دۆلەت چېگرىسىنى بىلدۈرىدىغان سىزىق بىلەن قورشالغان بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوخشاش قىزىل رەڭ بېرىلگەنىدى. شىنجاڭمۇ بىر دۆلەت قاتارىدا سىزىلغان، ئۇنىڭ دۆلەت چېگرىسى شەرق ۋە غەربتە موڭغۇلىيىگە تۇتاشقان، ئاندىن ئۇدۇل سەددىچىن سېپىلىغىچە بېرىپ، سەددىچىن سېپىلىنى بويلاپ جىيايۇگۇەندىن ئۆتۈپ، چىڭخەينىڭ سەيدام ئويمانلىقىغىچە سوزۇلغان، ئاندىن يەنە جۇڭگو- ھىندىستان چېگرىسىغا تۇتاشتۇرۇلغان. پۈتۈن خەرىتىگە قىزىل- ئاق يوللۇق رەڭ بېرىلگەن، ئۇنىڭغا ئىككى قۇر خەت يېزىلغان، بىر قۇرى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»، يەنە بىر قۇرى «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىي پارتىيىسى».

يەنە بىر ماتېرىيال سېپتا ئىشلەنگەن ماتېرىيال قىسقۇچىدا بولۇپ، ئۇنىڭغا «شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەرخىل سىياسىي گۇرۇھلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دەپ تېما قويۇلغانىدى ...... بۇ ئارخىپنىڭ ئاخىرقى نەچچە بېتى «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىي پارتىيىسى» توغرىسىدىكى بەتلەر بولۇپ، ئۇنىڭغا: «ئۇ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ، پارتىيىنىڭ مەسئۇلى ئۇيغۇر ئابدۇكېرىم ئابباسوپ» دەپ يېزىلغان.

ئابدۇكېرىم ئابباسوپ بۇنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ئويلىنىپ قالدى، ئۇ رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلابىي تەشكىلاتنىڭ نامى ماركسىزمنى ئۆگىنىش تەشكىلاتى دەپلا ئاتىلاتتى. ئۇنىڭ ئىسمى توغرىسىدا ئىلىدا تۇرۇشلۇق سوۋېت كونسۇلخانىسىدا پەقەت مۇزاكىرىلا بولغان ئىدى ...، لېكىن ئۇنى رەسمىي قۇرۇش خىزمىتى باشلانمىغانىدى، ئەجىبا، بۇ خىزمەتنى ئۇلار ئۆزلىرىلا تاماملاپ بولغانمىدۇ......

«ئاق پىشلاق» ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ماتېرىيالدىكى ئىسمىنى كۆرسىتىپ سۆزلەپ كەتتى:

ـ سىز تېخى مېنىڭدىن يوشۇرۇپ يۈرۈپتىكەنسىز ـ دە! مەن سىزنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ چويبالسانى ئىكەنلىكىڭىزنى ئاللىبۇرۇنلا بىلەتتىم.

ئابدۇكېرىم ئابباسوپ چوڭقۇر ئويغا چۆمدى... «ئۇلار ئاللىقاچان ئومۇمىيۈزلۈك ئويلىنىپ بولغان ئوخشايدۇ، ئەمدى مەن ئۇلارغا يېلىنىمەنمۇ ياكى ئۇلار ماڭا يېلىنامدۇ؟»

بۇلارنى ئوقۇپ ئىختىيارسىز ھالدا بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى كۆرگەن «يوشۇ-

رۆن سەپ» دېگەن كىتابچىنى يادىمغا ئالدىم. ئۇ شېڭ شىسەينىڭ ھاكىمىيەتنى ئىلكىگە
ئېلىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنى قۇرغانلىقىغا دائىر ئىچكى ئەھۋال-
لار ئەسلەنگەن، شۇنداقلا ھەرخىل جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان ماقالىلار توپلى-
مى ئىدى. ئۇنىڭدا 1936- يىلى شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئادەم، مالىيە،
ماددىي ئەشيا جەھەتتىكى ياردىمى بىلەن چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسىدە بىر ئالاھىدە
سىرلىق ئاپپارات- چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنى قۇرغانلىقى سۆزلەنگەن. ئۇ، كۆرۈنۈشتە
شېڭ شىسەي بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىدىغان ئاخبارات ئاپپاراتىدەك قىلىسىمۇ، ماھىيەتتە
3- ئىنتېرناتسىئونال ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ چەتئەلدىكى تارمىقى ئىدى، ئۇ يەنە سوۋېت
ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى باش شتابىنىڭ ئاخبارات ئاپپاراتى، يەنى KGB ئىدى. چېگرا
ئىشلىرى باشقارمىسىغا سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ بىر گېنېرال مايورى ۋە پولك
دەرىجىلىك بىرنەچچە ئاگېنتى رەھبەرلىك قىلاتتى، ئۇ بىۋاسىتە سوۋېت ئىتتىپاقى KGB
باش ئىدارىسى ئالدىدا جاۋابكار بولاتتى؛ ئۇنىڭ خىراجىتى چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى
يىللىق پىلانىنى تۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش مەشقاۋۇلى ئارقىلىق
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىغا تاپشۇرۇلۇپ، شۇ يەردىن
بېرىلەتتى؛ ئۇنىڭغا يەنە ئىلغار خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىسى سەپلەپ بېرىلگەنىدى. چېگرا
ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىشى،
تاجاۋۇز قىلىشى، ئاغدۇرمىچىلىق قىلىشى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا دائىر ئاخباراتلارنى،
بولۇپمۇ شىنجاڭ چېگرىسى سىرتىدىكى ھەربىي ئاخباراتلار ۋە مۇھىم سىياسىي، ئىقتىسادىي
ۋەقەلەر توغرىسىدىكى ئاخباراتلارنى توپلاش، مەسىلەن، گومىنداڭنىڭ گەنسۇدا تۇرۇشلۇق
قىسىملىرى، خېشى كارىدورىدىكى ما جەمەتى قوشۇنلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، مەشقى،
تۇرغان رايونى، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى، ياپونىيلەرنىڭ ئىشپىيونلۇق ھەرىكىتى قاتارلىقلار-
غا دائىر ئاخباراتلارنى توپلاش، سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇتلەق خەۋپسىزلى-
كىنى قوغداش ۋە گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى تىزگىنلىشىگە توسقۇنلۇق
قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. 1939- يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش مەشقاۋۇلى يەنە ئىككى
تۈركۈم جۇڭگو پۇقراسىنى موسكۋا شەھىرى ئەتراپىدىكى تاراسوۋ ئورمانلىقىدىكى مەخپىي
مەكتەپكە جاسۇسلۇق مەشقى قىلىشقا ئەۋەتكەن. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان
مۇشۇ كەسپىي ئىشپىيونلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا قارىغاندا، جۇڭگو تەۋەسىدە ئۇلارنىڭ ئاخبا-
رات توپلاش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، توپلىغان ئاخباراتلىرىنىڭ تەپسىلىيلىكى، ئۇنىڭغا
قويۇلىدىغان تەلەپنىڭ يۇقىرىلىقى، سېپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە
ئىكەن، بەزى ستراتېگىيىلىك مۇھىم جايلار، مەسىلەن، كوچا، قۇدۇق، ئاتتىن چۈشۈش
ئورنى، بايراق خادىسى، مەسچىد، بۇدخانىلار، تار كوچىلارنىڭ ئورنى ۋە يوللارنىڭ يۆنىلىشى
قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى توپلىنىدىغان ئاخبارات دائىرىسىگە كىرىدىكەن. چېگرا ئىشلىرى
باشقارمىسىنىڭ راتسىيىسى گەنسۇدىكى خېشى كارىدورى ۋە شىنجاڭنىڭ ھەممىلا جايىدا بار
ئىكەن. موسكۋا بىلەن بولغان ئالاقە ئەتتىگەندىن كەچكىچە ئۈزۈلمەيدىكەن. چېگرا ئىشلىرى
باشقارمىسىنىڭ پائالىيىتى يەتتە يىلدىن ئارتۇق داۋاملىشىپ، 1943- يىلى ئاخىرلاشقان.

ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ئېكسكۇرسىيە قىلغان تۆت ئېغىزلىق شىنجاڭغا دائىر ماتېرىياللار بۆلۈمى بىلەن چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ يىرگىنچلىك مۇناسىۋىتىنى كىتابخانلار ئۆزلىرى ئويلاپ باقسا بولىدۇ!

تارىخنى يېزىش ھەرگىزمۇ لاي ھەيكەل ياساش ئەمەس!

ئىككىنچى، مۇنۇ ئابزاسمۇ ناھايىتى ياخشى يېزىلغان، دىئالوگدىن باشلانغان:

ـ موسكۋاغا كېلىش سەپىرىڭىزدە سىز ئايروپىلاندا مۇگدەپلا ئولتۇردىڭىز، ساقلىقىڭىز يوقمىدى؟

ئابدۇكېرىم ئابباسوپ راست گەپ بىلەن جاۋاب بەردى.

ـ موسكۋاغا كەلگەندە، ستالىننى كۆرۈشىڭىز مۇمكىن، سىز بۇنىڭدىن ھاياجانلانمىدىڭىزمۇ؟

ـ ھاياجانلاندىم.

ـ ئۇنداق بولسا، نېمىشكە مۇگدەيسىز؟......

...... ھازىر بىز يولداش بېرىيەنىڭ قېشىغا بارىمىز.

ـ سىلەرنىڭ نېمە قىلغىنىڭلار؟ مېھمانغا ئازىراق كىيىممۇ تەييارلاپ قويماپسىلەر! ھازىر دېگەن 10ـ ئاي، بۇ دېگەن موسكۋا، ـ دېدى بېرىيە سېمىز ئادەمگە.

ـ شۇنداق، يولداش بېرىيە، بىز ئۇنىڭغا (ئابدۇكېرىم ئابباسوپقا) كىيىم تەييارلاپ قويغانىدۇق. ئۇ مەن شەرقىي تۈركتىن كەلگەن، شەرقىي تۈرك خەلقىگە ۋەكىللىك قىلىمەن، رەھبەرلەر بىلەن شەرقىي تۈركلەرنىڭ كىيىمىنى كىيىپ كۆرۈشۈشۇم كېرەك دېدى.

......

ئابدۇكېرىم ئابباسوپ مولوتوۋ ۋە مالىنكوۋنىڭ كەينىدىن مېڭىپ بىر كارىدوردىن ئۆتۈپ، يېپىقلىق ئىشىك ئالدىغا كەلدى، قاراۋۇل مولوتوۋ بىلەن مالىنكوۋنى كىرگۈزۈۋېتىپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوپقا تۇرۇپ تۇرۇڭ دەپ ئىشارەت قىلدى. ئون سىكونت ئۆتەـ ئۆتمەيلا مالىنكوۋ ئىشىكنى ئىچىدىن ئېچىپ: «مەرھەمەت» دېدى. بۇ بۆلمە بەك چوڭ، ئارىلىق يىراق بولغاچقا، رەھبەرنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ توختىغاندىن كېيىن، شىرەنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى رەھبەر ئۇنىڭغا قاراپ سۆزلەشكە باشلىدى:

ـ سىزنىڭ زېمىنىڭىزدىكى ئىنقىلاب يۈكسىنى ۋە سىزنىڭ ئارزۇيىڭىزنى بىز ئىنتايىن چۈشىنىمىز. بىز ئويلانغاندىن كېيىن، سىلەرنى قەتئىي قوللاشنى قارار قىلدۇق. بىز بىر قىسىم كۆچ ئاجرىتىپ ياردەم بېرىمىز، قوشۇنىڭلارنى يېتەرلىك قورال ـ ياراغ بىلەن قوراللاندۇرىمىز، شۇنداقلا قورااللىق خادىملارنى تاللاپ سىزنىڭ قوماندانلىقىڭىزغا تاپشۇرىمىز، ئۇلار سىلەر بىلەن مۈرىنى ـ مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلىدۇ. بىز تاشكەنتكە بېرىپ سىلەر بىلەن بۇ پىلاننى ئىجرا قىلىشنى مەسلىھەتلىشىشكە دەرھال ئالاقىدار رەھبەرلەرنى بەلگىلەيمىز.

تەكشۈرۈش، سوراق قىلىش خاراكتېرىدىكى بىر مەھەللىك سۆھبەتتىن كېيىن ھېلىقى رەھبەر يەنە سوئال قويدى:

— سىزنىڭ يەنە نېمە تەلىپىڭىز بار؟
— يوق... ھە، راست، بار، يەنە بار، مەن يولداش ستالىننى كۆرسەم دەيمەن، — بىرنەچچە ئادەم ئاستا پىچىلدىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى.
— ھە، سىزدىن كەچۈرۈم سورايمەن، — دېدى ئۇستەلنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى رەھبەر ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ. ئۇ ئۇلۇغ تەرەپكە نەچچە قەدەم سىلجىغانىدى، ستالىننىڭ ئوبرازى نامايان بولدى.

..............................

مالىنكوۋ ئابدۇكېرىم ئاباسوپ بىلەن بىللە زالغا قايتىپ كەلدى. مولوتوۋ ئىشكتىن كىرىش بىلەنلا كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئابدۇكېرىم ئاباسوپقا قاراپ سۆزلىدى:
— سىزنىڭ غەلىبىڭىزدىن — غەلىبىڭە قاراپ ئىلگىرىلىشىڭىزنى تىلەيمەن. ھازىر بېجىرىدىغان كىچىككىنە بىر ئىش بار، سىز تېخى بولشېۋىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ئەمەس، ھازىر بۇ رەسمىيەتنى تاماملىشىڭىز كېرەك. سىز ئانكېتنى تولدۇرۇڭ، بىز ئىككىمىز (مالىنكوۋنى كۆرسەتتى) سىزگە تونۇشتۇرغۇچى بولىمىز.
كۈتمىگەن يەردىن ئاباسوپ سەل ئىككىلىنىپ قالدى:
— مېنىڭچە، يولداش مولوتوۋ...، — دېدى ئۇ، — بۇ رەسمىيەتنى ئازىراق كېچىكىپرەك بېجىرسەكمىكىن!
مولوتوۋ بەكمۇ ھەيران قالدى، قالغان ئىككىيلەنمۇ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ...
مولوتوۋ سەل ئارىسالدا بولغاندىن كېيىن، خاپا ھالدا:
— بوپتۇ، بىز يەنە يولىيورۇق سوراپ باقايلى، — دېدى.
مۇئەللىپنىڭ قارىشىچە، ئابدۇكېرىم ئاباسوپ «نەسىھەت» كە بەكلا قولاق سالمايدىغان ئادەم ئىكەن. نەچچە كۈن ئىلگىرى ئەنۋەرخانبابا: پىشمىغان پىكىرلەرنى خالىغانچە سۆزلەۋەرمەڭ، بىلىشىڭىز كېرەككى، سوۋېت ئىتتىپاقىدا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىر كىشىنىڭ سىياسىي سەۋىيىسىنى باھالاشتا، سىياسىي جەھەتتە ئۇنىڭغا قانچىلىك دەرىجىدە ئىشىنىشتە، ئۇنىڭ ستالىنغا بولغان ھۆرمىتى، چوقۇنۇشىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكى بىردىنبىر ئۆلچەم قىلىنىدۇ، دەپ تاپىلىغانىدى. ئابدۇكېرىم ئاباسوپ قانداق قىلدى؟ ئۇ مولوتوۋقا:
— مەن مۇنداق ئويلايمەن، بولشېۋىك پارتىيىسى ئىنتايىن ئالىجاناپ پارتىيە، ئۇنىڭ ئەزالىرى خۇددى ستالىن ئېيتقاندەك ئالاھىدە ماتېرىيالدىن ياسالغان، مەن ئۆزۈمنى دەلىسەپ باقسام، «ئالاھىدە ماتېرىيال» ئۆلچىمىگە تېخى توشمايدىكەنمەن......، — دېدى. شۇنداق قىلىپ، قولغا تېگىپ بولغان سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى (بولشېۋىكلىرى) نىڭ پارتىيە كىنىشكىسىنى قولدىن چىقىرىپ قويدى. چۈنكى ئابدۇكېرىم ئاباسوپنىڭ ئىزدىگىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىدى.
يىرىم سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، سېمىز ئادەم ئادەتتىكىچە قىياپەتتە، سىلىق تەلەپپۇزدا:
— بۇرادەرلەر، ستالىن ئىنتايىن شەپقەتلىك ئىكەن......، — دېدى ۋە ئابدۇكېرىم ئاباسوپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سىز ئەمدى شەرقىي تۈركىستاننىڭ

چويبالسانى بولالمايدىغان بولدىڭىز......

بۇ سېمىز ئادەم سىمىيونوۋ ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوپقا ئاجرىتىپ بېرىلگەن مەخسۇس ئايروپىلانمۇ يوق بولدى، ئۇنىڭ تاشكەنتكە خەلق ئاۋىئاتسىيە ئايرۇپىلانى بىلەن بېرىشىغا توغرا كەلدى. ئەسلىدە ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ تاشكەنتكە بېرىپ قاتنىششى بەلگىلەنگەن قوزغىلاڭ تەييارلىقى يىغىنىمۇ موسكۋادىن كەلگەن تېلېگراممىا تۇيەيلىدىن ئابدۇكېرىم ئابباسوپ قاتناشتۇرۇلمايلا مۇددەتتىن بۇرۇن ئۈتكۈزۈلدى، يىغىندا بىر قانچە قارار ماقۇللاندى. شۇنىڭ بىلەن ئېلىخان تۆرە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرىنچى قول باشلىقى بولۇپ قالدى.

كىتابخانلار، كەچۈرگەيسىلەر، مەن خروششېۋنىڭ ئەسلىمىسىدىن شىنجاڭ مەسىلىسىگە دائىر بىر ئابزاس باياننى ھوزۇرۇڭلارغا سۇنماقچىمەن:

ئۇرۇش مەزگىلىدە (2- دۇنيا ئۇرۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ- ئاپتور) بىز شىنجاڭنى ئىشغال قىلدۇق ھەمدە ئۇ يەردە مۇداپىئە لىنىيىسى قۇردۇق، ئۇنى قامال قىلىپ، جياڭ جيېشىنى قول تىقالمايدىغان قىلىپ قويدۇق، بىزنىڭ بۇ ئۆلكىنى ئىشغال قىلىشىمىز سوۋېت ئىتتىپاقىغىمۇ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغىمۇ پايدىلىق ئىدى. كوممۇنىستلار جياڭ جيېشىنى مەغلۇپ قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھاكىمىيىتىنى قولغا كەلتۈرگەن ۋاقىتقىچە، شىنجاڭ ئىزچىل بىزنىڭ باشقۇرۇشىمىزدا بولۇپ كەلدى. ئۇ جايدا بىزنىڭ ئادەملىرىمىز بار ئىدى (چېكرا ئىشلىرى باشقارمىسىدىكى بىر تۈركۈم كەسپىي جاسۇسلارنىڭ ئۆلارنىڭ ئادىمى ئىكەنلىكىدە گەپ يوق ئىدى- ئاپتور)، پۈتۈن ئۆلكە ئەينى ۋاقىتتا بىز ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى (خىروششېۋ: «ئاخىرقى ۋەسىيەت» P375). بۇ ھەرگىز يوق يەردىن تۈك ئۈندۈرۈپ تاپقان گەپ ئەمەس، بەلكى خروششېۋنىڭ ئىقرارى.

ئۈچىنچى، ستالىن تەستىقلىغان قوزغىلاڭ پىلانى ۋە ئابباسوپنىڭ تېگىرقىشى.

قوزغىلاڭ پىلانى جەمئىي يەتتە ماددىلىق ئىدى:

1. غۇلجا ناھىيىسىنى قوزغىلاڭ كۆتۈرىدىغان جاي قىلىپ بېكىتىش. بۇنداق قىلغاندا، يېزىدىن ناھىيە بازىرىغا، ناھىيە بازىرىدىن ئىلىغا ھۇجۇم قىلغىلى بولاتتى. قوزغىلاڭنىڭ خەلق قوزغىلىڭى شەكلى روشەن بولاتتى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، غۇلجا دۆلەت چېگرىسىغا بىر قەدەر يېقىن بولۇپ، ئارقا تەرەپتىن ياردەم بېرىش ئاسان ئىدى، ئادەم ۋە قورال- ياراغنىمۇ يىراق جايدىن مەخپىي توشۇشنىڭ ھاجىتى بولمايتتى.

2. قوزغىلاڭنى باشلايدىغان ۋاقىت، ئەڭ كېچىككەندە، 11- ئاينىڭ 4- كۈنىدىن ئۆتۈپ كەتمەسلىك، بۇنداق بولغاندا، بىرىنچىدىن، ئۆكتەبىر سوتسيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ خاتىرە كۈنى - 11- ئاينىڭ 7- كۈنىگە يېقىن بولۇپ قېلىپ، خەلقئارادا ئۇلارنى باغلىۋالىدىغان ئويلارنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، جۇڭگونىڭ خەنزۇ قوشۇنلىرى قار- مۇزلۇق يەرلەردە ھەرگىز جەڭ قىلالمايدۇ، «بىز» بولساق بۇنىڭ ئەكسىچە.

3. قوزغىلاڭنىڭ سىياسىي لوشيەنى: بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، خەنزۇلار ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇش. ھازىرچە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش يولىدىكى مىللىي كۈرىشى دەپلا ئوتتۇرىغا قويۇش ..............

4. ئۆز ھاكىمىيىتىمىزنى، يەنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش.

5. ئىنقىلابىي تەشكىلاتنى، يەنى شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنى قۇرۇش، ئۇنىڭغا ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ مەسئۇل بولۇش.

6. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۇنجى ئالىي رەھبىرى، ۋاقىتىنچە، ئېلىخان تۆرە بولۇش؛ ھۆكۈمەتنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئىچكى ئىشلار ۋە تەشۋىقات خىزمىتىنى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ باشقۇرۇش.

7. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت گېربى بىر يۇلتۇزلۇق ھىلال ئاي بولۇش، دۆلەت بايرىقى دۆلەت گېربى چۈشۈرۈلگەن كۆك بايراق بولۇش.

بۇنىڭدىن باشقا، موسكۋا يەنە بىرنەچچە كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا مۇنداق كۆرسەتمە بەرگەنىدى:

1. قوزغىلاڭچى قوشۇنغا 7000 كىشىلىك قورال، كىيىم- كېچەك ۋە ماددىي ئەشيا بېرىش؛

2. ئىككى تۈەنلىك قوراللىق پىدائىي تەشكىللەش.

3. قىزىل ئارمىيىنىڭ پولكوۋنىكى ئىسھاقبېك (ئىسھاقجان) نى قوزغىلاڭنىڭ باش قوماندانى قىلىپ ئەۋەتىش؛

4. يارامىلىق ئوفىتسېرلارنى تاللاپ، قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى قىلىپ ئەۋەتىش، ئۇنىڭغا گېنېرال مايور پېتروۋسكى (قىسىم ھۇجۇمغا ئۆتكەندە گېنېرال لېيتنانتلىققا ئۆستۈرۈلگەن) رەھبەرلىك قىلىش، ئۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە دىپلوماتىيە ئەمەلدارى سالاھىيىتى بىلەن ئايروپىلان ئارقىلىق ئۇدۇل غۇلجىغا كېلىش.

بۇ قوزغىلاڭ پىلانى يېكاتېرىنا- II دەۋرىدىكى «روسىيىنىڭ دۇنياغا زومىگەر بولۇشى» (ئېنگېلس: «روسىيە چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى سىياسىتى»، ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى، خەنزۇچە نەشرى، 22- توم 24، 23، 35- بەتلەر) بىلەن تومۇرداش پىلان ئەمەسمۇ؟ شۇڭا «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نى كىشىلەرنىڭ «چار پادىشاھنىڭ پۇشتى» دەپ ئاتىغانلىقىنىمۇ يامان غەرەزلىك ئەيىبلەش دېگىلى بولمايدۇ.

تۆتىنچى، سوۋېتلىكلەرنىڭ مەنتىقىسى بويىچە، قوزغىلاڭ - ۋاستە، ھاكىمىيەت - مەقسەت ئىدى. شۇڭا ئالدىنقى باسقۇچتا ئەسقاتقان ئادەملەر ئاخىرقى باسقۇچتا ئېھتىياجلىق بولىۋەرمەيتتى؛ شۇنداقلا غەلىبىگە يېقىنلاشقانسېرى، قىيىن ئەھۋالدا قەھرىمان بولغانلارنىڭ يولى تارىيىپ باراتتى- دە، غەلىبىدىن كېيىن چوڭ ئەمەلدار بولۇشى ناتايىن ئىدى.

دىنكوۋ ئابباسوپقا مۇنداق دېدى: شەرقىي تۈركىستان خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىدىكىلەرنى موسكۋادا ستالىن تەستىقلىغان، ستالىن بۇ ئىسىملىكنى پرىنسىپ جەھەتتىن تەستىقلىدى، ئەمدى سىزنىڭ پىكرىڭىزنى ئالماقچىمىز، بۇ ئادەملەر ئىچىدە «خەنزۇ تاجاۋۇزچىلار» بىلەن مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بارمۇ- يوق، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى بارمۇ- يوق، قاراپ باقسىڭىز.

ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ئىسىملىكنى باشتىن- ئاخىر تەپسىلىي كۆرۈپ چىقىپ، ئۇنىڭدا مۇنداق ئۈچ ئالاھىدىلىك بارلىقىنى بايقىدى: 1. بىرمۇ خەنزۇ يوق ئىدى؛ 2. سوۋېت

ئىتتىپاقى ئەۋەتكەنلەردىن باشقا، كوممۇنىستلار ناھايىتى ئاز ئىدى؛ 3. ئېلىخان تۆرىدەك دىنىي داھىيلار ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلەيتتى (ئۇلارنىڭ ئەسەبىلىكىنى ئاسانلا قوزغىغىلى بولاتتى - ئاپتور)؛ يەنە بىرنەچچە پومېشچىك، كاپىتالىستمۇ بار ئىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ بۇلارنى كۆرۈۋېتىپ ئويلىنىپ قالدى: «مېنى كۆرۈپ باقسۇن دېگىنى ماڭا ئۆزلىرى كۆرسەتكەن ئىككى خىل ئادەمنى پاش قىلغۇزۇش ئۈچۈن ئىكەن-دە، ئۇنداقتا، مېنىڭ ھەرقانداق توغرا پىكرىممۇ بىھۇدە ئاۋارىچىلىق بولىدۇ. نېمە ئۈچۈن ئالدىنئالا مەندىن پىكىر ئالمايدۇ؟ قارىغاندا، پۈتۈن قوزغىلاڭنىڭ تەشكىلاتچىسى مەن ئەمەس، باشقا ئادەم ئىكەن، مەن ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلمايۋېتىپتىمەن، بەلكى ئۇلار مېنى ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىپتۇ». بۇلار ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ غۇرۇرىغا بەكمۇ تەگدى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى غەزەپ ئوتى قاپلىدى، ئۇ شىرەنى مۇشتلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكىلى تاسلا قالدى، لېكىن دەرھال «بۇ دېگەن سىياسىي، ھەرگىز ھېسسىياتقا بېرىلمەسلىك كېرەك» دەپ ئويلاپ، ئۆزىنى تۇتىۋالدى.

كىشىلەرنىڭ ھۆكۈمى توغرا بولۇپ چىقتى. ئېلىخان تۆرە، غېنى، پىلنوۋ قاتارلىقلار بوران-چاپقۇنتىنجىشقا يۈزلەنگەندە غايىپ بولدى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپمۇ 1-قول بولالمىدى.

يولدا سىرداش چىقارمۇ دەپ يېمەڭ غەم،
چۈشىنەر سىزنى ھامان بارچە ئادەم.

«شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغاندىن كېيىن، رەھبەرلىك قاتلىمىدا ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ ھۆسەنبايىنىڭ قىزىنى ئالماي، لۈي سۈشىننى ئالىمەن دەپ تۇرۇۋالغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئابدۇكېرىم ئابباسوپقا قورشاپ ھۇجۇم قىلىش ئەھۋالى كۆرۈلدى. بۇنىڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال ئىنتايىن خۇپىيانە ھالدا ئېلىخان تۆرە، ئاسىدوۋ قاتارلىقلارغا: «سىلەرنىڭ ئابدۇكېرىم ئابباسوپنى چەتكە قېقىۋەتمەكچى بولغانلىقىڭلار خاتالىق، سىلەرنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىڭلاردا ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ئەڭ كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە، ئۇنى چەتكە قېقىۋەتسەڭلار، ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ.⋯» دەپ ئاگاھلاندۇردى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ ئاممىۋى ئاساسى تۆۋەن قاتلامدا ئىدى، ئۇنىڭ بىر مۇنچە خەنزۇ دوستى بار ئىدى، ۋاڭ يۈسەن (قۇمۇل قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى تۆمۈر خەلپىنىڭ قابىل ياردەمچىسى)، جياڭ ۋۇ، چې يۈڭگۇي، گوۋەنشياڭ، لوۋېيجيا⋯ لار ئۇنىڭ دوستى ئىدى، يەنە ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى داڭ گۇ، ئوقۇتقۇچىسى ۋېن پېيرەن قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. ئۇ ئامما ئىچىدە يۇقىرى ئابرويغا ئىگە ئىدى.

بۇ ئاجايىپ - غارايىپ ئادەمنىڭ مۇھەببەت ۋە نىكاھ ئىشىمۇ كومېدىيىلىك تۈسكە ئىگە ئىدى. دەسلەپكى سۆيگىنى ياڭ فېڭيى ئىدى؛ ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولغىنى لۈي سۈشىن ئىدى؛ يەنە ياۋشيۈگىنىڭ قىزى ياۋشياڭلى (ئۇ 1945-يىلى شىنجاڭدىن كەتكەن، كېيىن چاڭچۈن كىنو ستۇدىيىسى سۈرەتكە ئالغان «يېڭى باتۇرلار» فىلىمىدا باش رول ئالغان) باشقىلار تەرىپىدىن ئوبيېكتلىقتا كۆرسىتىلگەنىدى، بۇ قىزلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇ ئىدى.

ياڭ فېڭيى غۇلجا شەھەرلىك سودا- ساناﺋەتچىلەر ئۇيۇشمىسى باشلىقىنىڭ قىزى ئىدى، ئۇ ئابدۇكېرىم ئاباسوپ بىلەن بالىلىق چېغىدا ئىككى توپ كەپسىز بالىنىڭ «كوچا ئۇرۇشى» دا تونۇشقانىدى. ئۇ چاغدا ئۇيغۇر بالىلار بىر تەرەپ، خەنزۇ بالىلار بىر تەرەپ بولۇپ دائىم «كوچا ئۇرۇشى» قىلاتتى. بىر كۈنى ئابدۇكېرىم ئاباسوپ ياڭ فېڭيىنىڭ قۇلاقچىسىنى چۇشۇرۇۋەتكەندە، ئۇنىڭ تورۇۋالغان چېچى ئېچىلىپ قالغان، شۇ چاغدىلا خەنزۇ بالىلار ئىچىگە بىر قىزنىڭ ئارىلىشىپ كىرىۋالغانلىقى مەلۇم بولغان؛ ئۇرۇشقاندا، ياڭ فېڭيى بىخەستەلىكتىن ئابدۇكېرىم ئاباسوپنىڭ قولىقىنى يارا قىلىپ قويغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ جاي تاتۇق بولۇپ قالغان، ئۇلار شۇندىن ئېتىبارەن بۇنى دوستلۇق تاتۇقى دەپ ئاتاشقان. ئابدۇكېرىم ئاباسوپ ساۋەنگە قىلىنغان سۈرگۈننى ئاخىرلاشتۇرۇپ غۇلجىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ياڭ فېڭيى بىلەن بىر مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. كونا يېقىنچىلىق ئۇنتۇلمىغاچقا، ئىككىيلەن ئورتاق نىشان ئۈستىدە ئىزدىنىش داۋامىدا قىزغىن مۇھەببەت باغلىغان. ئۇلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى تاپماقچى، پارتىيىگە كىرمەكچى بولغان، شۇنىڭ بىلەن ئابدۇكېرىم ئاباسوپ، ياڭ فېڭيىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا پارتىيىگە كىرىش قەسىمى بەرگەنلىكىدەك ئىش يۈز بەرگەن. ياڭ فېڭيىنىڭ ئاتىسى قىزىنىڭ ئابدۇكېرىم ئاباسوپ بىلەن مۇھەببەت باغلىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا كۈچىنىڭ بېرىچە ئارىلىشىۋالغان، ياڭ فېڭيى بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئائىلىسىدىن چىقىپ كەتكەن.

ئىلىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەشكىلاتىنى تېپىش تەس ئىدى، شۇڭلاشقىمۇ، تۆۋەندىكى ۋەقە يۈز بەرگەن:

- بىز ئۆزىمىز قەسەم بېرىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرەيلى، - دەيدۇ ياڭ فېڭيى كەسكىن ھالدا.

- بولىدۇ، قوشۇلىمەن، - دەيدۇ ئابدۇكېرىم ئاباسوپ.

ئۇلار يان تامغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پارتىيە بايرىقىنى، ماركس، لېنىننىڭ سۈرىتىنى ئاسىدۇ (ماۋزېدۇڭنىڭ سۈرىتىنى زادىلا تاپالمايدۇ)، ئىككىيلەن ماركس، لېنىننىڭ سۈرىتى ئالدىدا ھۆرمەت بىلەن قاتار تۇرۇپ، تەڭ تەنتەنىلىك قەسەم بېرىدۇ......

پارتىيىگە كىرىش قەسىمى بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىككىيلەن تەڭلا بىر- بىرىگە قارىشىدۇ.

- سىزبەك تەسىرلىنىپ كېتىپسىز، يىغلىۋەتكىلى ئازلا قاپسىز!......

ياڭ فېڭيى بىر ئالمىنى ئەستايىدىل ئاقلاپ، ئۆزى بىر چىشلەم يېگەندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم ئاباسوپنىڭ ئاغزىغا يېقىن ئەكىلىپ، ئۇنىڭ بىر چىشلىشىنى ئۈتۈنىدۇ، ئۇ بىر چىشلەم، بۇ بىر چىشلەم يەيدۇ......

- فېڭيى، - دەيدۇ ئابدۇكېرىم ئاباسوپ بىر ھازا ئارىسالدا بولۇپ تۇرغاندىن كېيىن غەيرەتكە كېلىپ، - ئىنقىلاب مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندا...... توي قىلايلى، ماڭا تېگىشنى خالامسىز؟

- بۇنىڭدا گەپ يوق، ئىنقىلابنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى كۈتسەك بولماس، ئىنقىلا-

بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئىنتېرناتسىئونال ئەمەلگە ئاشقاندا بولىدۇ، ئۇنداق بولسا، بەك ئۇزاق بولۇپ كېتىدۇ، — دەيدۇ ياڭ فېڭيى تۈز كۆڭۈل بىلەن.

— ئۇنداق بولسا قايسى ۋاقىتتا؟

— سىلەر ئىلىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، فېئودال كۈچلەر، مىللىي ئارازلىق بەربات بولغاندا، دەرھال توي قىلايلى.

..............

ھەرەمباغدىكى قوشۇنلار تەسلىم بولغاندىن كېيىنكى 5- كۈنى بولسا كېرەك. ئالاقىچى ئابدۇكېرىم ئابباسوپقا ياڭ مۇئەللىم (فېڭيى) سىزنى بىر كېلىپ كەتسۇن دېدى دەپ خەۋەر يەتكۈزىدۇ.

— سىز مەندىن خاپا بولىۋاتامسىز؟ نېمە ئۈچۈن؟...... فېڭيى ئىلى ئىنقىلابىي ئارمىيە-سىنىڭ خەنزۇ ئاھالىلەرنى قارىغۇلارچە قىرغانلىقىدىن خاپا ئىدى، ئۇ بۇ ئىشنى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندىلا غەزەپ بىلەن ئوتتۇرىغا قويغانىدى....

— لېكىن ئەمەلىيەتتىچۇ؟ ھەرەمباغدىچۇ؟ بىز تەشۋىقات ۋەرىقىنى زەمبىرەك بىلەن ئېتىپ كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى تەسلىم بولۇشقا چاقىرغانىدۇق، ئەسىرلەرگە كەڭچىلىك قىلى-مىز دېگەنىدۇق! ئۇلار تەسلىم بولۇۋىدى، قانداق بولدى؟ ھەرەمباغدا تەسلىم بولغانلاردىن كىم تىرىك چىقتى؟

— بەزىلىرىنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقتۇق! ، — دەيدۇ ئابدۇكېرىم ئابباسوپ قايغۇ ئىچىدە بوش ئاۋاز بىلەن.

— بەلكىم ئاز ساندىكى خەنزۇلارغا قانداش رۇسلارنى قۇتۇلدۇرۇپ چىققانسىلەر!

— فېڭيى، بولشېۋىكلارنىڭ تەجرىبىسى بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدىكى، ئىنقىلاب لاگېرى ھەرگىز ساپ بولمايدۇ......

— مەن... سىلەردىن... بەكمۇ ئۈمىدسىزلەندىم!... بۇنداق ئادەملەر بىلەن ھەمنەپەس بولۇش مەن ئۈچۈن نومۇس!

ئۇ تۇيۇقسىز تاپانچىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىنىڭ بېشىغا تەڭلەيدۇ.

— فېڭيى! — ، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ چاقماق تېزلىكىدە ئېتىلىپ بارىدۇ، لېكىن ئۇ ئىككى سېكۇنت كېچىككەنىدى. ئۇ ئوڭ قولى بىلەن فېڭيىنىڭ بىلىكىنى قۇچاقلىشىغا، تاپانچا ئېتىلىپ كېتىدۇ...... ئوق ئۇنىڭ مېڭىسىنى تېشىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئۇ ھەقىقەتەنمۇ قەيسەر خەنزۇ قىز ئىدى. بۇ، يات ئەلدىن كەلگەن ئاتالمىش «ئىلى ئىنقىلابىي ئارمىيىسى» نىڭ شەھەرگە كىرىش مۇراسىمى ۋە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيە-تى» نىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىنى غالجىرانە زور قىرغىنچىلىق ئارقىلىق تەبرىكلىگەن جىنايى قىلمىشىغا ئاخىرقى قېتىم قارشىلىق كۆرسىتىش ئىدى!

لۇي سۈشىن يەنە بىر تېپىك خەنزۇ قىز بولۇپ، مۇلايىم، مېھرىبان ئىدى، «قىز باللار غەمسىز كېلىدۇ» دېگەن سۆز ئېھتىمال ئۇنىڭغا قارىتىلغان بولسا كېرەك.

ئۇنىڭ ئاتىسى سوۋېت ئىتتىپاقى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە شىنجاڭغا قايتىپ

كېلىشكە مەجبۇر بولغان. ئاخىرىدا ئىلىدىكى خەنزۇ ئىشچىلار مەھەللىسىگە ماكانلىشىپ قالغان. ئۇ ياڭ فېڭيىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، شۇنداقلا ياڭ مۇئەللىم (فېڭيى) بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ مۇھەببەت خېتىنى توشۇغۇچى «ئالاقچى» سى ئىدى.

لۈي سۈشىننى خوتۇنلۇققا ئېلىشقا ئېلىخان تۆرە، ئاسىدوۋ قاتارلىق يۇقىرى قاتلام رەھبەرلەر قەتئىي قارشى تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنقىلابىي ھاكىمىيەتنىڭ 1- نومۇرلۇق رەھبىرى ئېلىخان تۆرە بىر قېتىم مەخسۇس كىچىك تىپتىكى يۇقىرى دەرىجىلىك يىغىن ئېچىپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ خەنزۇ قىز بىلەن توي قىلىش خىيالىدىن ۋاز كېچىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەتتا خانىم نامزاتى - ھۆسەنبايىنىڭ قىزىنىمۇ ئۇبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

- مېنىڭ لايىق تېپىپ، توي قىلىش ھوقۇقۇممۇ يوقمۇ؟ - ئابدۇكېرىم ئابباسوپ غەزەپلىنىدۇ.

ئېلىخان تۆرە تېخىمۇ خاپا بولۇپ كېتىدۇ:

- سىز چوقۇم بىر پارچە مەينەت چوشقا گۆشىنى ئالامسىز، بىز ئۇيغۇرلاردا چىرايلىق قىز يوقمىدى؟

خەنزۇلارنى زەھەرخەندىلىك بىلەن ھاقارەتلەش ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ يارىسىغا تۇز سەپكەندەك بولىدۇ......

- ئەگەر مەن تۆرىنىڭ ماشىنىسىنى ئىشلەتمەي تۇرۇپ لۈي سۈشىننى ئۆيۈمگە ئېلىپ بارالمىسام، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ بولماي كېتەي!

شۇنىڭ بىلەن لۈي سۈشىن - ئالىيە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ- نىڭ خوتۇنىغا ئايلىنىدۇ. ئۇلار تويدىن بۇرۇن ياڭ فېڭيىنىڭ قەبرىسىنى سۈپۈرۈپ كېلىدۇ.

ئابدۇكېرىم ئابباسوپ سوۋېت ئىتتىپاقى گېنېرالىنىڭ ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر قىزىغا كۆز قىرىنىمۇ سالمايدۇ، شۇنداقلا ستالىن شەخسەن بەلگىلىگەن بۇ توينى رەت قىلىدۇ، بۇنىڭ ئەكسىچە، ئاددىي پۇقرادىن بولغان خەنزۇ قىزنى سۆيىدۇ، بۇ، ئاجايىپ - غارايىپ شەخسنىڭ ئاجايىپ - غارايىپ خاراكتېرى ئىدى.

## مەرتىۋە ئۆسكەندە خەلقنى، ھۆرمەت ئاشقاندا ۋەزىپىنى ئەستىن چىقارماسلىق

ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ پائالىيىتىدىن ئىبارەت ئاساسىي لىنىيە بىلەن تەڭ تۇرىدىغان يەنە بىر لىنىيە بار، ئۇ بولسىمۇ يۈي يۇرېن، جاڭ جىجۇڭنىڭ بىر قاتار پائالىيەتلىرىنى چۆرىدىگەن بىر نەچچە ھېكايىدىن ئىبارەت.

يۈي يۇرېن - گومىنداڭنىڭ پېشۋاسى، ناھايىتى سالاپەتلىك ئادەم؛ جاڭ جىجۇڭ - شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا رول ئوينىغۇچى، ناھايىتى پاراسەتلىك ئادەم. ئۇلار گومىنداڭ سولچىللىرىنىڭ ۋەكىلى. بىرسى مەرتىۋىسى ئۆسكەندە خەلقنى ئۇنۇتمايدىغان، بىرسى ھۆرمىتى ئاشقاندا ۋەزىپىسىنى ئەستىن چىقارمايدىغان ئادەم.

1946- يىل 6- ئاينىڭ 6- كۈنى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى «تېنچلىق بىتىمى»

گە ئاساسەن شىنجاڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنى قۇردى، جاڭ جىجۇڭنىڭ كۆپ تەرەپتىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، يېڭى يۈرۈش گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن ئايرىۋېلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، قەسەم بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا نازارەتچىلىك قىلدى. ئۇ «پالنامە» دېكى «خەلق ھەممىدىن ئەلا، ۋەلىلەر ئۇنىڭدىن تۆۋەن تۇرىدۇ، دۆلەت 2- ئورۇندا تۇرىدۇ» دېگەن پەلسەپىۋى قاراشقا ئىخلاس قىلاتتى. ئۇ شىنجاڭغا كېلىشتە ئاساسلىقى خەلقنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشنى، ھەر مىللەت خەلقىنى چۈشىنىشنى مەقسەت قىلغانىدى. ئۇ «شىنجاڭنىڭ بۈگۈنى ۋە ئۆتمۈشى» نى چوڭ تېما قىلىپ، ئۇنىڭغا دائىر يوشۇرۇن، ئۇششاق - چۈشەك ئىشلارنى بىۋاسىتە كۆزەتتى. ئۇ ئۈرۈمچىدە تۇرغان مەزگىلدە، ھەرمىللەت، ھەر ساھەدىكى زاتلار بىلەن كەڭ دائىرىدە ئۇچراشتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە يۇقىرى قاتلامدىكىلەرمۇ، ئاددىي كىشىلەرمۇ بار ئىدى، ئۇ ئۇلارنىڭ ساداسىنى ئەستايىدىل تىڭشاپ، ئۇلارنىڭ دەردىنى كۆزەتتى. ئايروپىلاندىن چۈشكەن كۈنىلا سەي زۇڭشيەن (كىتاپتىكى جوڭشيۇەن) نى قوبۇل قىلىپ، غۇلجا ۋەقەسىنىڭ باش- ئاخىرىنى سورىدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن رەسسام خەن لېرەننىڭ سۆزلىرىدىن ئىلىدىكى چوڭ قىرغىنچىلىقتا ئامان قالغان ۋېن پېيرەننىڭ كەچۈرمىشلىرىنى چۈشەندى، ۋېن پېيرەن يېڭى يۈرۈشنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغايدىغان بىر ئۇچۇرنى، يەنى ئىلىدىكى چوڭ قىرغىنچىلىقتا بىر پولك قوماندانىنىڭ قىرغىنچىلىقنى زور كۈچ بىلەن توسۇپ، بىر قىسىم بىگۇناھ كىشىلەرنى پائال قۇتقۇزغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن. ئامان قالغۇچىلار «نىجاد يۇلتۇزۇم» دەپ تەرىپلىگەن بۇ پولك قوماندانى ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى، 2- تۈركۈمدە غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ئىدى.

بۇلا ئەمەس، جاڭ زىگېڭمۇ ۋېي جيا ئىسىملىك بىر قىزنى ئۇچراتقان، ئۇنىمۇ ئابدۇكېرىم ئابباسوپ يولۋاس ئېغىزىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققان. جاڭ زىگې تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: مەن ۋېيجيانىڭ تۇغۇلغان كۈنى يۈزىسىدىن ئۆتكۈزگەن ئائىلە زىياپىتىگە قاتناشتىم، زىياپەت باشلانغاندا، ئۇ ئالدى بىلەن قەدەھنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كۆپچىلىكنى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ئۈچۈن ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى، ئاندىن كېيىن كۆپچىلىككە ئۆزىنىڭ ھەرەمباغقا قامىلىپ قالغاندا خەۋپ - خەتەردىن قۇتۇلۇش جەريانىنى سۆزلەپ بەردى. ۋېي جيا مۇنداق دېدى: بىز ھەرەمباغقا قامىلىپ قالغاندا، قورالىنى تاشلاپ تەسلىم بولغان تۈركۈم - تۈركۈم گومىنداڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىنى غېنى باتۇرنىڭ پىلىموت بىلەن ئېتىشقا بۇيرۇغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىز يۇقىرالارنى بىر يەرگە يىغىپ، ئاتماقچى بولدى. شۇ چاغدا ئابدۇكېرىم ئابباسوپ غېنىغا: «بۇ كىشىلەر ناھايىتى مۇرەككەپ، ئالدى بىلەن سولاپ قويايلى، بىر- ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بىر- بىرلەپ سوراق قىلاي، ئاندىن بىر تەرەپ قىلايلى» دېدى. ئۇنىڭ قاماپ قويايلى دېگىنى، ئەمەلىيەتتە، بىزنى قوغدىغانلىقى ئىدى. ۋېي جيا يەنە جاڭجۇن كۆۋرۈكى (ئىلى دەرياسى كۆۋرۈكى) دىمۇ ئۇلار بىر توپ خەنزۇلار ۋە خەنزۇ قان سىستېمىسىدىكى ئەر- ئايال، قېرى- ياشنى بىر يەرگە توپلاپ قىرماقچى بولغان جىددىي پەيتتە، ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ يەنە ئۇلارنى توسۇپ، بۇ كىشىلەرنىمۇ ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. يەنە شۇنىمۇ قوشۇمچە قىلىپ ئۆتۈش كېرەككى،

لۇي سۇشىن، ياڭ فېڭيى، ياۋشياڭلىلارمۇ ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ ھىمايە قىلىشى بىلەن ھايات قالغان.

ئابدۇكېرىم ئاببباسوپ دېگەن ئىسىم يۈي يۈرېننىڭ مېڭىسىگە چوڭقۇر ئورناپ قالدى.

ئاددىي كىيىنىپ سىرتقا چىقىپ كۆزىتىش يۈي يۈرېننىڭ خەلقنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشتە تاللىۋالغان ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئىدى، لېكىن بۇنى ھەرگىزمۇ جاڭ جىجۇڭ ۋە ئۇنىڭ كۆيئوغلى چۈي ۋۇغا تۇيدۇرماسلىق كېرەك ئىدى. چۈنكى ئۇلار يۈي يۈرېننىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشقا مەسئۇل ئىدى. ئۇ بىرىنچى بولۇپ چار روسىيەنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئاخىرقى باش كونسولى، ئۆمرى تارىخىي ھېكايىلاردىكىدەك ئۆتكەن دىياكوۋنى زىيارەت قىلدى، بۇ چاغدا ئۇ قورسىقىنىمۇ باقالمىغىدەك قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتا ھەر ئىككى تەرەپ خۇشال بولدى. دىياكوۋ يۈي يۈرېنغا: چارروسىيە ـ جاھانگىر، ئۇ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلدى، بارلىق جاھانگىرلار ئىچىدە جۇڭگودىن ئەڭ كۆپ نەپ ئالغىنى روسسىيە، ئۇ، يەردىن باشقا، پۇل، مال، ئادەم… گە ئېرىشتى، دېدى ۋە ھېچقانچە يوشۇرماي، كۆڭلىدىكىنىڭ ھەممىسىنى دەۋەردى.

يۈي يۈرېن تۇنجى قېتىملىق ئاددىي كىيىنىپ سىرتقا چىقىپ كۆزىتىشتىن ئېرىشكەن نەتىجىسى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى :

ـ شىنجاڭنىڭ مەسىلىسى ناھايىتى مۇرەككەپ ئىكەن. بوران ـ چاپقۇن توختىماي، ئۇرۇش ئۈزۈلمەي، خەلق بالايىئاپەت ئىچىدە، ئۆلۈم گىردابىدا تۇرۇۋېتىپتۇ. مۇنداق چىگىش ماجىرالار ئىچىدە قانداقمۇ ئەمىنلىك بولسۇن؟ شۇڭا، ئەقەللىسى، ئىشنى روسىيە بىلەن شىنجاڭنىڭ، روسىيە بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتىدىن باشلاپ ئېنىقلاش كېرەك.

شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى چار روسىيەنىڭ دۇنيانى بويسۇندۇرۇش تارىخى بىلەن چېتىش ، ساۋاقلارنى يەكۈنلەش، كېيىنكىلەرگە ئىبرەت قىلىش كېرەك. يۈي يۈرېننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «ھەرقانداق شەيئىنىڭ باش ـ ئاخىرى بولىدۇ، ئۇنى بىلگەندىلا، ھەل قىلىش يولى تېپىلىدۇ».

بەزى ئىشلار بەكمۇ تاسادىپىي بولىدۇ. يۈي يۈرېن بىلەن جاڭ زىگې دىياكوۋنىڭ ئۇرالغۇسىدىن چىقىپ، بىر كىچىك قەھۋەخانىغا كىرىپ، بىر ستاكاندىن قەھۋە ئىچكەندىن كېيىن، جاڭ زىگې ماشىنا چاقىرىشقا تېلېفون بېرەي دەپ تۇرۇشىغا، ئابدۇكېرىم ئاببباسوپ ماشىنا بىلەن قەھۋەخانا ئالدىدىن ئۆتۈپ قالدى ـ دە، جاڭ زىگې بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. جاڭ زىگې ئۆزىنى چەتكە ئالالمىغاچقا، ئۆزىنىڭ مەھكىمە باشلىقى يۈي يۈرېنغا ھەمراھ بولۇپ بىر ستاكاندىن قەھۋە ئىچىشكەنلىكىنى، ماشىنا چاقىرىپ كەتمەكچى بولىۋاتقانلىقىنى ئەينەن دېدى. ئابدۇكېرىم ئاببباسوپ سەل ئويلىنىۋېلىپ:

ـ ياخشى بوپتۇغۇ، ئۇنىڭ سىز بىلەن بىللە بىر كىچىك قەھۋەخانىغا كىرگىنىگە قارىغاندا، مەركەزنىڭ بۇ كاتتا ئەربابى بەكمۇ ئاددىي ـ ساددا ئادەم ئىكەن! مەن ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرەي! ھە، ياخشى بولدى، سىلەرنى ئاپىرىپ قوياي، ئۇ نەگە قايتىدۇ؟ يېڭى بىناغىمۇ؟ گېزىتخانىغىمۇ؟ ـ دېدى.

ـ سىزگە ھۆرمەت بىلدۈرىمەن، ئاقساقال، سىزنىڭ ئاددىي ـ ساددا روھىڭىز، خەلق

ئارىسىغا چۆكۈش ئىستىلىڭىز مېنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگەم، ـ دېدى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ يۈي يۈرېن بىلەن كۆرۈشۈپلا.

ـ مەن سىزدىن ئۆگەنسەم بولىدۇ، سىزگە دائىر ئەھۋاللاردىن كۆپ نەرسىلەرنى بىلدىم. سىز جۇڭخۇانى، پۇقرالارنى سۆيىدىكەنسىز، سىز ئالىيجاناپ ئىكەنسىز.

ئالدىنقى كۈنلەردە ئابدۇكېرىم ئابباسوپ جاڭ زىگېدىن ۋاڭ يۈسەن ئىسىملىك بىر خەنزۇنى سۈرۈشتۈرگەنىدى، ماشىنىدا جاڭ زىگې ئابدۇكېرىم ئابباسوپتىن ئۇنى تاپقان-تاپمىغانلىقىنى سورىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ئۇنىڭ بىلەن ئۈچ قېتىم كۆرۈشكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ ئىككىيلەننىڭ پارىڭى يۈي يۈرېننى قىزىقتۇردى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

ـ ۋاڭ يۈسەن تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى ۋاقتىدىكى باتۇر قوماندان، تۆمۈر خەلپەنىڭ كۈچلۈك ياردەمچىسى ئىدى، كېيىن تۆمۈر خەلپە ياڭ زېڭشىن بىلەن ياراشقان، ئۇزاق ئۆتمەي ياڭ زېڭشىن تۆمۈر خەلپىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

مۇشۇ قېتىمقى ئىلى تېنچلىق سۆھبىتى نەتىجىلىك بولغاندا، ۋاڭ يۈسەن ئابدۇكېرىم ئابباسوپقا: «يارىشىشتىن ياخشى ئاقىۋەت چىقمايدۇ. تۆمۈر خەلپە ۋە خوجانىياز ھاجىلار قانداق بولدى؟ ھەممىسى جازا مەيدانىغا ئېلىپ بېرىلدىغۇ» دېگەن.

يۈي يۈرېن بۇلارنى ئاڭلاپ بەكمۇ قىزىقتى ۋە ئاددىي كىيىنىپ، ۋاڭ يۈسەننى خۇسۇسىي زىيارەت قىلىش خىيالىغا كەلدى. ئۇ ئەسلىدە ئابدۇكېرىم ئابباسوپنى ئارىلاشتۇرماقچى ئەمەس ئىدى. لېكىن ئۇ يول باشلاپ بېرىمەن دەپ تۇرۇۋالغاچقا، بىللە باردى.

ۋاڭ يۈسەننىڭمۇ بىر مەزگىللىك ئاجايىپ سەرگۈزەشتىسى بار ئىدى. ياش قۇرامى تەڭ ئىككى بوۋاي ئاق ھاراق ئىچكەچ شىنجاڭنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرى ئۈستىدە سۆزلىشىپ، ئىلى قىرغىنچىلىقىنى ئەيىبلەشتى ...... ۋاڭ يۈسەن يۈي ئاقساقالنى تۆمۈر ئاكىسىدەك كۆرۈپ، ھازىرقى دۇنياغا بولغان كۆز قاراشلىرىنى تولۇق سۆزلەپ بەردى، جۈملىدىن شېڭ شىسەي، شامەخسۇت، ياڭ زېڭشىنلارنى ۋە رۇسلار (سوۋېتلىكلەر) نى تىللايدىغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن دەۋەردى.

نەپرەت ـ ئۆچمەنلىكنىڭ يىغىندىسى، ئۆچمەنلىك بولمىسا، نەپرەت نەدىن كەلسۇن!

1946- يىل 7- ئاينىڭ 1- كۈنى تاڭ سەھەر سائەت 5 تىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە، جاڭ زىگې گېزىتنىڭ ئاخىرقى نۇسخىسىنى كۆرۈپ بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ جاڭ زىگېنىڭ ياتىقىغا ئۇچقاندەك كىرىپ كەلدى، ئۇ ئۆزىنى كۈچىنىڭ بېرىچە تۇتۇۋېلىپ تۇرۇپ:

ـ ۋېن پېيرەن قولغا ئېلىنىپتۇ! ،ـ دېدى.

جاڭ زىگې بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، جاڭ جىجۇڭنىڭ يېنىغا بارىدىغانلىقىنى، لېكىن سائەت توققۇزدىن كېيىن بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. چۈنكى جاڭ جىجۇڭ كېچىدە ئىشلەيتتى. سائەت توققۇزدىن بۇرۇن مېھمان قوبۇل قىلمايتتى، لېكىن يېرىم سائەت ئۆتمەيلا، ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ يېڭى بىناغا بېرىپ، جاڭ جىجۇڭ بىلەن جېدەللىشىپ كېتىشىنى كىم بىلسۇن!

ئەسلىدە ۋېن پېيرەننى شىنجاڭ گارنىزون باش شتابى ھەربىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، دەي لىنىڭ ھەربىي كومىتېت تەكشۈرۈش - ستاتىستىكا ئىدارىسى شىنجاڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلاش پونكىتىنىڭ باشلىقى يۈي ۋەنشيەن (كىتابچىكى ۋەنشيەن) ئادەم ئەۋەتىپ قولغا ئالغانىكەن. نەتىجە ئادەمنى قويۇپ بېرىش بىلەن ئاخىرلاشتى.

ۋېن پېيرەننىڭ مەسىلىسى ھەل قىلىنغاندىن كېيىن، جاڭ جىجۇڭ جاڭ زىگېيغا مۇنداق دېدى:

- سىز ئابدۇكېرىم ئابباسوپ بىلەن كۆپرەك بېرىش- كېلىش قىلىڭ، ئىمكان قەدەر سەمىمىي بولۇڭ، يېقىن ئۆتۈڭ، لېكىن ھەرىكىتىڭلار بەك قويۇق بولۇپ كەتمىسۇن......

- ئابدۇكېرىم ئابباسوپ كارامەت ئادەم ئىكەن، - دېدى يۈي يۇرېن، - ئۇ، قەدىرلەشكە، تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىكەن. مېنىڭچە، ئۇ قەلبىگە جۇڭخۇانى پۈككەن، بۇ يېرى بەكمۇ قىممەتلىك.

1946- يىل 9- ئاينىڭ 30- كۈنى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ شاگىرت سۈپىتىدە يۈي يۇرېندىن بىۋاسىتە تەلىم ئالغىلى كەلدى. يۈي يۇرېن «پالنامە» دىكى ئاقكۆڭۈل بولۇش بىلەن ئاقكۆڭۈل بولالماسلىق، ياڭ زېڭشىننىڭ ئاق كۆڭۈل ئەمەسلىكى ۋە لىن زېشۈينىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى، شامەخسۇت چىڭۋاڭنىڭ ئاق كۆڭۈل ئەمەسلىكى ۋە تۆمۈر خەلپە، ۋاڭ يۇسەن، لىيۇ رېنخەننىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى، شېڭ شىسەينىڭ ئاق كۆڭۈل ئەمەسلىكى...... بىپايان جۇڭخۇا ئېلىدە مىللەتلەرنىڭ كۆپلۈكى، تارىختا مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا قىرغىنچىلىق قىلىپ، ھالىدىن كەتكىچە ئۇرۇشقانلىقى، لېكىن ئاخىرىدا يارىشىپ قالغانلىقى، ئۇرۇشنىڭ بىر مەھەللىك تىركىشىش ئىكەنلىكى، تىنچلىقنىڭلا مەڭگۈلۈك داۋلى ئىكەنلىكى توغرىسىدا كەڭ سۆزلىدى. بۇ قېتىمقى سەمىمىي سۆھبەت ئابدۇكېرىم ئابباسوپ بىلەن يۈي يۇرېن ئوتتۇرىسىدا ئۇنتۇلماس دوستلۇق ئورناتتى. بۇ، ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ نەنجىڭدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەشكىلاتىنى ئىزدەپ تېپىشىغا، دوڭ بىۋۇ بىلەن ئۇچرىشىپ، مەخپىي ئالاقە ئورنىتىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

1946- يىل 7- ئاينىڭ 3- كۈنى يۈي يۇرېن مەسئۇد، يەن جۇاڭ ۋە لۇچيەن، خەن يۇرەنلەرنى ئېلىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا سەپەر قىلدى. ئاقسۇدا بىر ئۇيغۇر ياش لى زۇتاڭنى خەنجەر سېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاسلا قالدى، شۇنىڭ بىلەن بىر مەھەل ۋەھىمە پەيدا بولدى. يۈي يۇرېن ئۆزىنىڭ «تارىخنامە» دىكى «ئەمەلدار ئۆزىنى كىچىك تۇتسا ھەممە ئائىلىگە بىمالال كىرىپ - چىقالايدۇ» دېگەن سۆزگە رىئايە قىلىش ئارزۇسىنى ئەمەلدە كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئۇيغۇرلار ئائىلىلىرىنى زىيارەت قىلدى؛ قەشقەردە يېڭى ۋالىي ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم بىلەن تونۇشتى؛ مەسئۇدنىڭ سىياسىي ساپا جەھەتتە گودەك، نادان، قابىلىيەتسىز، چاكىنا ئادەم ئىكەنلىكىنى بايقىدى؛ ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ ئېلىخان تۆرىنىڭ چەتئەللىكلەر ئىلكىدىكى مۇستەقىللىققا قارشى تۇرغانلىقىنى تامامەن قوللايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۇنداق مۇستەقىللىققا يول قويۇشقا بولمايدۇ، بۇنداق قىلىش ساتقىنلىق بولىدۇ دەپ قارايدىغانلىقىنى چۈشەندى، روشەنكى، سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى (بولشېۋىكلىرى) نىڭ بۇ ئەزاسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قانىتى ئاستىدىكى مۇستەقىللىقنى ئارزۇ قىلمايتتى. بۇ،

كىشىلەر ئويلىمىغان يەردىن چىققان ئىش ئىدى.

ئاپتور يۈي يۈرېننىڭ قەشقەردە جاۋشىگۋاڭ ۋە شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قىسىم 9- ئاتلىق بىرىگادىسىنىڭ باشلىقى جاڭ فېڭيى بىلەن ئايرىم- ئايرىم كۆرۈشكەنلىكىنى بايان قىلغاندا، ئەسلىمە جەھەتتە بەزى خاتالىقلارغا يول قويغان، بۇنىڭ بىرى شۇكى، ئامىمنى تەشكىللەپ نامايىش ئۆتكۈزۈش، تەلەپ قويۇش يۈي يۈرېن جەنۇبىي شىنجاڭدا سەپەردە بولغاندا يۈز بەرگەن ئىش ئەمەس. بەلكى جاڭ جىجۇڭ، ئەخمەتجان قاسىملار ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەننى كۆزدىن كەچۈرگەندە، قەشقەردە قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا ئۇچرىغان، بىر توپ تەلۋىلەر يامان غەرەزدىكى كىشىلەرنىڭ قوترىتىشى نەتىجىسىدە، ۋەتەننى پارچىلايدىغان بايراقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ نامايىش قىلغان. بەختكە يارىشا جاۋشىگۋاڭ جاڭ جىجۇڭنى مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ئارقا دەرۋازىسىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتكەچكە، ۋەزىيەت بارا- بارا پەسەيگەن. كىتابنىڭ 16- بابىدا ئېيتىلغان يۈي يۈرېننىڭ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان خەنزۇ ۋالىنىڭ ۋە قەشقەر يېڭىشەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىمىنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەنلىكى توغرىسىدىكى بايانىمۇ ئۇنىڭ بۆكىنى بۇنىڭغا كىيگۈزۈش ئەھۋالى كۆرۈلگەن. ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان ۋالى ئۆمەر داموللا بولۇپ، خەنزۇ ئەمەس ئىدى؛ قەشقەر يېڭىشەر ناھىيىسىنىڭ سايلامدا چۈشۈپ قالغان ھاكىمى خۇاڭ چىۋۇ بولۇپ، ئۇ خەنزۇچە ئىسىم قويۇۋالغان ئۇيغۇر ئىدى. ۋەھالەنكى، سايلامنى ھەقىقىي كونترول قىلىۋالغىنى خوزۇڭنەننىڭ ئەركە ئىنى، دۆت ھەربىي ئەمەلدار گېنېرال لېيتېنانت ياڭ دېلياڭ بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى مالىمان قىلىۋەتكەن شۇ ئىدى. ئۇ يۈي يۈرېنغا خۇشامەت قىلىپ، قىلمىغىنى قالمىغان ئادەم ئىدى.

«قانغا بويالغان قۇملۇق» ــ داڭلىق ئادەم داڭلىق ئادەمنى يازغان نادىر ئەسەر. ئۇنىڭدا ھەم ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، ھەم يۈي يۈرېن يېزىلغان، بىر ياش، بىر پېشىۋا بىر- بىرىگە ماسلاشتۇرۇلۇپ قىزىقارلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئاپتور پروفېسسور جاڭ زىڭي 30- يىللاردىن باشلاپلا شائىخەينىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىدە تونۇلغان، ئۇنىڭ ئەدەبىيات ئاساسى پۇختا، شېئىرىيەت بىلىمى چوڭقۇر. ئۇ ۋەقەلىكلەرنى بايان قىلىش، مەنزىرىلەرنى تەسۋىرلەشتە ئۆزگىچىلىككە ئىگە، بولۇپمۇ پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىشكە ھەمدە پېرسوناژلار ئوبرازى بىلەن تاشقى دۇنيانى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشكە ماھىر. بۇ كىتابنىڭ ئىككى باش قەھرىمانى ـ ئابدۇكېرىم ئابباسوپ بىلەن يۈي يۈرېننىڭ ئاپتور بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق، ئۇچرىشىشىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى؛ ئاپتور يەنە ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ ھاياتىغا دائىر بىر قىسىم قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارغا ئېرىشكەن، شۇڭا ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى ئىچكى ئەھۋالنى ئېچىپ بەردى، كىشىلەر جاۋاب تاپالماي كەلگەن نۇرغۇن چىگىش مەسىلىلەرنى، شۇنداقلا تىلغا ئېلىنىشقا بولىدىغان، لېكىن ئۇجۇر- بۇجۇرىغىچە سۆزلەشكە بولمايدىغان سىرلارنى خەلقى ـ ئالەمگە ئاشكارىلىدى. كىتابتىكى تارىخىي ماتېرىياللار چىن، دەلىل ـ ئىسپاتلىق، ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى پۇختا، يېزىلىشى راۋان بولۇپ، بىر مۇنچە باب، پاراگرافلار كىشىنى قاتتىق جەلپ قىلىدۇ ۋە چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ.

**ئىسمايىل ئەزىمەت تەرجىمىسى**

# چەت ئەل مەنبەلىرىدىكى ئۇيغۇر فولكلورى

ئابدۇشۈكۈر تۇردى

ئۇيغۇر خەلقى ئىنتايىن مول فولكلور بايلىقىغا ئىگە. بۇ بايلىقنى ئەجدادلىرىمىز مەھمۇد قەشقەرىدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە نەچچە ئەۋلاد كىشىلىرىمىز قازغان، توپلاپ رەتلىگەن. بولۇپمۇ «ئۈچ توپلام»① خىزمىتى باشلانغاندىن بېرى، بۇ ساھەدە ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئەلۋەتتە، خەلق فولكلورى قازسا تۈگىمەس بىر خەزىنە. فولكلور تەتقىقاتى ساھەسىدە شۇنچە كۆپ خىزمەت ئىشلىنىپ، زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئۇنى تېخى تەلتۆكۈس بولۇپ كەتتى، دېگىلى بولمايدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ قازىدىغان ساھەلەرمۇ بار، بۇنداق ساھەلەرنىڭ بىرى چەت ئەل مەنبەلىرىدىكى ئۇيغۇر فولكلور ماتېرىياللىرى ۋە ئۇ توغرىسىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن ئىبارەت. بۇ جەھەتتە بىز تېخى يېتەرلىك ماتېرىياللارغا ئىگە بولالمىدۇق ياكى ئانچە ئېتىبار بەرمىدۇق، نەتىجىدە ئۇيغۇر فولكلورى تەتقىقاتىدىكى بۇ ساھە ئاق قېلىۋاتىدۇ.

چەت ئەللىك ئالىملار، سایاھەتچىلەر 18-، 19- ئەسىرلەردىن تارتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ باي مەدەنىي يادىكارلىقلىرى ئۈستىدە قىدىرىش، قېزىش ئېلىپ بارغان ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، تىل - ئەدەبىياتى، سەنئىتى، ئېتنوگرافىيەسىگە ئائىت نۇرغۇن ماددىي بۇيۇملارنى تاپقان ھەمدە ئېلىپ چىقىپ كەتكەن، شۇ قاتاردا بىر قىسىم ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتى ماتېرىياللىرىنىمۇ توپلىغان، بۇ جەھەتتە چارر ۋسىيەلىكلەرنىڭ قىلغان ئىشى بىرقەدەر گەۋ- دىلىك: ئۇلاردىن ن. ن. پانتوسوۋ، س. يى. مالوۋ، ۋ. ۋ. بارتولد، س. ف. ئولدىنبورگ، ن. ف. كاتانوۋ، سىميون تيانشانىسكى، قازاق ئالىمى چوقان ۋەلىخانوۋلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەربىي ئەمەلدار، بەزىلىرى دىپلوماتىك خادىم، بەزىلىرى «قىدىرىش» ئۆمەكلىرىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە، بەزىلىرى بولسا تىل تەكشۈرۈش مەقسىتىدە شىنجاڭغا كەلگەن ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. بۇ كىشىلەر ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەشتىن سىرت، ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئەدەبىياتى ۋە ئېتنوگ- رافىيەسىگىمۇ قىزىققان ھەمدە نۇرغۇن بىرىنچى قول ماتېرىيال يىغقان. چۈنكى ئۇلار بۇ ماتېرىياللارنىڭ كېيىنچە ئۆزلىرىگە ئوبدان ئەسقاتىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. ئۇلار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ ماتېرىياللارنى رەتلىگەن ھەم نەشر قىلدۇرغان. ئۇلار ئىچىدە ئۇيغۇر فولكلورىنى توپلاشتا ن. ن. پانتوسوۋنىڭ نەتىجىسى بىر قەدەر گەۋدىلىك. ن. ن. پانتوسوۋ (1849 ـ 1909) ئىلى رايونىنى چارر ۋسىيە بېسىۋالغان مەزگىلدە (1871 ـ 1882) يەتتە

① «ئۈچ توپلام» ـ قوشاقلار توپلىمى، چۆچەكلەر توپلىمى، ماقال- تەمسىللەر توپلىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سۇ گۇبېرناتورلۇقىنىڭ غۇلجا ئىشلىرى بۆلۈمىنى باشقۇرغان. ئۇ غۇلجىدا تۇرۇۋاتقان چېغىدا موللا بىلال قاتارلىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بىلەن تونۇشقان، موللا مۇسا سايرامى بىلەنمۇ خەت ئارقىلىق تونۇشۇپ، ئۇنىڭدىن «تارىخىي ئەمىنىيە» نىڭ قول يازمىسىنى ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى، خەلق ئەدەبىياتىغا دائىر نۇرغۇن ماتېرىيال توپلىغان. نەتىجىدە ئۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر «غازات دەرمۇلۇك چىن»، «تارىخىي ھەمىدى»، «شەرھى شىكەستە» لەرنى نەشر قىلدۇرۇپلا قالماستىن، ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىغا دائىر بىر مۇنچە ئەسەرلەرنىمۇ ئېلان قىلدۇرغان. ئۇلارنىڭ مۇھىملىرى «تارانچى ناخشىلىرى»① (قازان، 1896- يىل، قىسقارتىلمىسى «پ. ناخشىلار»)، «تارانچى خەلق ئەدەبىياتىدىن ئۈلگىلەر» (قازان، 1896- يىل، قىسقارتىلمىسى «پ. ئۈلگىلەر»)، «ئىلىدىن كۆچۈپ چىققان ئۈسەك تارانچىلىرىنىڭ يېڭى ناخشىلىرى» (قازان، 1896- يىل، قىسقارتىلمىسى «پ. يېڭى ناخشىلار»)، «ئىلى رايونى تارانچىلىرىنىڭ شىۋىسىنى ئۆگىنىشكە دائىر ماتېرىياللار» 1 ـ 9 توپلام (قازان، 1897 ـ 1907- يىللار، قىسقارتىلمىسى «پ. ماتېرىياللار») بولۇپ، بۇلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ باي فولكلور ماتېرىيالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر فولكلورىدىن مول ماتېرىيال بېرىدۇ، بولۇپمۇ ئۇلار ئىچىدە «تارانچى ناخشىلىرى» ئالاھىدە مەشھۇردۇر. ئۇنىڭدا ناخشا- قوشاقلار تۈرى بويىچە رەتلىنىپ، ئالاھىدە ماۋزۇلار ئاستىدا بېرىلگەن. ئۇلار ناخشا-قوشاقلار (504 تۆتلىك)، تويدا يىگىتلەر ئېيتىدىغان ئۆلەن، چىن چاقىرىش (قىزنى كۆچۈرۈشتە ئېيتىلىدىغان، قىزنىڭ ئانىسى ئېيتىدىغان قوشاقلار، 81 مىسرا)، چۈنچۈن سالاۋات (پىروزا)، سالامغا ئېلىپ بارغاندا ئېيتىلىدىغان سۆزلەر، بارات ئېيىنىڭ 15- كۈنى ئېيتىلىدىغان قوشاقلار (سەككىز مىسرا)، رامىزان قوشاقلىرى (64 مىسرا)، نەۋرۇز بېيىتلىرى (20 مىسرا)، قەلەندەر بېيىتلىرى (24 مىسرا) دىن ئىبارەت. يەنە بۇ ئەسەرگە ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر خەلق رەسسامى ھەسەن ئاخۇن سىزغان 22 ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابىنىڭ رەسىمى بېرىلگەن. «تارانچى ناخشىلىرىنىڭ ئاھاڭلىرى» قىسمىدا 99 كۈبلېت قوشاق بېرىلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ 34 ىنىڭ نوتىسى بېرىلگەن، 55 كۈبلېتى رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ئەسەر بىزنى ئەينى زاماندىكى ئىلى خەلقىنىڭ فولكلورى ھەققىدە مول ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

پانتوسوۋنىڭ «ئىلى رايونى تارانچىلىرىنىڭ شىۋىسىنى ئۆگىنىشكە دائىر ماتېرىياللار» دېگەن ئەسىرى توققۇز توپلامدىن ئىبارەت، بۇلارنىڭ ھەرقايسىسى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ بىر ژانىرىغا بېغىشلانغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە «تارانچى تېپىشماقلىرى ۋە مەسەللىرى» توپلىمىدا، ئۇيغۇر فولكلور تەتقىقاتى ساھەسىدە دەسلەپ بولۇپ 177 تېپىشماق توپلىنىپ، ھەربىر تېپىشماق جاۋابى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن. «تارانچىلاردا خەلق ھېكمەتلىرى» توپلىمىغا تۆرلۈك ئېتىقادلارغا ئائىت 89 ھېكمەت كىرگۈزۈلگەن.

---

① پانتوسوۋ ئىلى رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنى «تارانچى» دەپ ئاتىغان. بۇ ئەسلىدە ئۇيغۇرلارغا مانجۇلار تەرىپىدىن قويۇلغان نام بولۇپ، بۇغدايچى يەنى دېھقان دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى.

«تارانچى ناخشىلىرىنىڭ پىرى ئويۇنى» توپلىمىغا شامانلارنىڭ كېسەل داۋالاشتا ئېيتىدىغان قوشاقلىرى، خۇداغا، پەيغەمبەر، چاھارىيارلارغا ئىلتىجا قىلىنغان تېكىستلەر نوتا بىلەن بېرىلگەن. ئايرىم تېكىستلەر رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

«ياقۇپبەگ ۋە ئۇ دەۋر ۋەقەلىرى ھەققىدىكى قوشاقلار» توپلىمى جەمئىي بەش قىسىمدىن ئىبارەت بولۇپ، بىرىنچى قىسمى ياقۇپبەگ ھەققىدە قوشاق (26 كۇبلېت)، مەھمۇتخانىنىڭ ئاتىسى مىراخۇن شاھنىڭ قوشىقى (يەتتە كۇبلېت، نوتىسى بىلەن)، شاياخۇننىڭ ئوغلى مەخمۇت ئاخۇن قوشىقى (ئون كۇبلېت، نوتىسى بىلەن)، «زۇڭتۇڭ ھەققىدە قوشاق» (15 كۇبلېت، نوتىسى بىلەن)، ياقۇپبەگنىڭ كىشىسى تۇردى ئاخۇننىڭ قوشىقى (سەككىز كۇبلېت) غا ئوخشاش قوشاقلاردىن تەركىب تاپقان.

«مەيلىس ئويۇنى ۋە بۇ ئويۇندا ئېيتىلىدىغان بېيىتلار» توپلىمى بىرىنچى بولۇپ ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ، ئۇنىڭدا مەيلىس (مەشرەپ) ئويۇنىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، ئوينىلىش جەريانى، بېيىت ئېيتىش ئۇسۇللىرى كۆرسىتىلگەن، شۇنداقلا قىز-يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدا ئېيتىلغان 43 بېيىت بېرىلگەن، رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، ئايرىم ئاتالغۇلارغا ئىزاھ بېرىلگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، «چوڭلار بىلەن كىچىكلەرنىڭ ناخشا-قوشاقلىرى»، «بەختلىك-بەختسىز يىللار ھەققىدە كىتاب»، «چۇش ئۆرۇش» دېگەن توپلاملارمۇ ئۇيغۇر فولكلورىدىن خېلى مول ماتېرىيال بېرىدۇ.

ئۇيغۇر فولكلور تەتقىقاتى ساھەسىدە ئاكادېمىك ۋ. ۋ. رادلوۋنىڭمۇ خىزمىتى زور بولدى. ۋ. ۋ. رادلوۋ 1862-يىلى ئىلمىي كاماندىرۇپكا بىلەن ئىلى رايونىغا كەلگەن، ئۇ ئەينى زاماندىكى ئىلى مۆتىۋەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ ياردىمىگە ئېرىشكەن. بولۇپمۇ تارىخچى ئۆمەر باقى بىر يىلغا يېقىن رادلوۋقا ھەمراھ بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناخشا-قوشاقلىرى، چۆچەك، مەسەللىرىگە ئوخشاش ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىنى توپلىشىغا ياردەم كۆرسەتكەن، ئۆزىمۇ نۇرغۇن ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتكەن. رادلوۋ ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش يۈزىسىدىن توپلىغان بۇ ماتېرىياللارنى ئۆزىنىڭ «شىمالىي تۈركىي قەبىلىلەر خەلق ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» دېگەن ئون توملۇق ئەسىرىنىڭ 4-تومىدا تەپسىلىي تونۇشتۇرغان. ئۇنىڭدا مەسەللەر، ھېكمەتلىك سۆزلەر، چۆچەكلەر، بېيىتلار ۋە خەلق قوشاقلىرىنىڭ نەمۇنىلىرى بېرىلگەن بولۇپ، بۇ بىزنى ئەينى زاماندىكى باي فولكلور ماتېرىيالى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بۇ توپلامغا تونجى قېتىم سادىر پالۋان، نوزۇگۇم قوشاقلىرىمۇ كىرگۈزۈلگەن.

ئاكادېمىك س. ي. مالوۋ ئۇيغۇرشۇناس سۈپىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىغىلا ئەمەس، بەلكى خەلق ئەدەبىياتىغىمۇ زور دىققەت ئاغدۇرغان. ئۇ تىل ماتېرىياللىرىنى ئۇيغۇر فولكلورىدىن ئالغان. مالوۋ تۆت قېتىم شىنجاڭغا كاماندىروپكىغا كەلگەن (1909-، 1911-، 1913-، 1915-يىللىرى)، شۇ جەرياندا قۇمۇل، تۇرپان، لوپنۇر، گەنسۇ قاتارلىق جايلاردا ئۇيغۇر تىلى ئۈستىدە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ناھايىتى كۆپ خەلق ئەدەبىياتى ماتېرىياللىرىنى توپلىغان. مالوۋ تىل تەكشۈرۈش نۇقتىسىدىن خەلق ئەدەبىياتىنى توپلىغاچ-

قا، ئۇنى ھېچقانداق تەھرىرلەش، ئۆزگەرتىشسىز ئەينى پېتى ترانسكرىپسىيە قىلغان، مالوۋ توپلىغان ماتېرىياللىرىنى كېيىنچە رەتلەپ «شىنجاڭنىڭ ئۇيغۇر تىلى شىۋىلىرى»، «ئۇيغۇر تىلى» (قۇمۇل دىئالېكتى)، «لوپنور تىلى» دېگەن كىتابلىرىنى نەشىر قىلدۇردى. بۇلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ 58 ھېكايە - چۆچىكى، 206 ماقال - تەمسىل، تېپىشماق، نۇرغۇن خەلق قوشاقلىرى ھەمدە ئىككى داستاندىن پارچىلار بېرىلگەن، مالوۋ يەنە ئۆزى توپلىغان خەلق ئەدەبىياتى تۈرلىرىنى شەرھىلەيدۇ. بۇ ماتېرىياللار ئەينى زاماندىكى خەلقىمىزنىڭ ئېتنىك ئادەتلىرى، رەسىم-قائىدىلىرىنى چۈشىنىشكە ناھايىتى چوڭ ياردەم كۆرسىتىدۇ.

بۇ يەردە قازان ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ن. ف. كاتانوۋنىمۇ ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. كاتانوۋ 1881 ـ 1882- يىللىرى چارروسىيە يەتتە سۇ ھەربىي گۇبېرناتورلىقىنىڭ غۇلجا ئىشلىرى بويىچە مەخسۇس ئىدارىدا مەسئۇل خىزمەت ئۆتىگەن. ئۇ شۇ مەزگىلدە ئاۋال قۇمۇل، تۇرپاندا، كېيىن يەنە ئۈرۈمچى، چۆچەك، غۇلجا، كۇچالاردا بىر قاتار تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن ماتېرىيال توپلىغان، شۇ ئاساستا ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى ھەققىدە بىرمۇنچە ماقالىلەر ئېلان قىلغان. ئۇلار ئىچىدە پال سېلىش ئادىتى، توي قىلىش ئادىتى، بىناماز ھورۇنلارنى جازالاش چارىلىرى، تىرىكچىلىك قائىدىلىرى ھەققىدە يېزىلغان ماقالىلەر ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. كاتانوۋ توپلىغان ماتېرىياللارنىڭ بىر قىسمى 1931- يىلى بېرلىندا نەشىر قىلىنغان. قالغانلىرى قول يازما پېتىچە قازان ئۇنىۋېرسىتېتى ئارخىپىدا ساقلانماقتا ئىكەن. بۇ قول يازمىنى كۆزدىن كۆچۈرگەنلەرنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، قول يازما 1118 بەت بولۇپ، ئۇ 24 چۆچەك، 12 رىۋايەت، 1408 كۇبلېت قوشاق ۋە بېيىت، 1000 دىن ئارتۇق ماقال - تەمسىل، ھېكمەتلىك سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، بولۇپمۇ قەشقەردە بىر مەزگىل تۇرغان چوقان ۋەلىخانوۋ، قەشقەر كونسۇلى ن. ف. پېتروۋىسكى، شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە كەلگەن س. ف. ئولدېنبورگ، سىميون تيانشانىسكىلارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ فولكلورى، ئېتنوگرافىيىسىگە ئائىت خېلى مول ماتېرىيال توپلىغان ۋە ئۆز ساياھەتناملىرىدە ئەشۇ ماتېرىياللارنىمۇ ئەكس ئەتتۈرگەن.

بۇ ماتېرىياللارنىڭ توپلانغىنىغا 100 يىلدىن ئاشتى، بۇ ماتېرىياللار ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىنىڭ 100 يىلدىن بۇرۇنقى ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەينى زاماندىكى بۇ فولكلور ماتېرىياللىرىنى ھازىرقى زامان ۋارىئانتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشمۇ ئەھمىيەتلىك بىر ئىش.

مەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە روسىيىگە ئىلمىي كاماندىرۇپكىغا بارغاندا يۇقىرىقى مەنبەلەردىن قالدۇرغان خاتىرىلىرىمگە ھەمدە ئەشۇ ماتېرىياللاردىن پايدىلانغان ۋە ئۇنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئىككىلەمچى مەنبەگە تايىنىپ، بىر قىسىم خەلق ئەدەبىياتى ماتېرىياللىرىنى رەتلەپ چىقتىم ھەم ئەسلى مەنبەسىنىمۇ كۆرسەتتىم.

بۇ ئەمگىكىم ئۇيغۇر فولكلور تەتقىقاتى ئۈچۈن ئاز بولسىمۇ ياردەم بېرەلىسە، خۇشاللىق ھېس قىلغان بولاتتىم.

1. پانتاسوۋ: «تارانچى ناخشىلىرى» غا كىرگۈزۈلگەن قوشاقلاردىن:

قازا يەتمىسە ئۆلمەس،
دەريا سۈيى كەچكەنگە.
زالىم كۆپ زۇلۇم قىلدى،
ئاتام كەتتى تاشكەنتكە.

ئاخشىمى قاراڭغۇدا،
كۆرۈنگەن چىراغ ئوتى،
ئاشىقلىق قىلاي دېسەم،
تۇرغىنىم كىشىنىڭ يۇرتى.

سارىخان قىزىلگۈلدەك،
بىز ئىشقىدا بۇلبۇلدەك.
سارىخان كۈلۈپ قويسا،
خىزمەت قىلىمىز قۇلدەك.

قىزىلگۈل ئىشتىمەيدۇ،
بۇلبۇلنىڭ ساداسىنى.
ئۆلسەم ئارمىنىم يوقتۇر،
بىر كۆرسەم جامالىڭنى.

كۆچەت تىكتىم سۆگەت بولدى،
بىر قاراڭغۇ باغ بولدى.
يايرىم قىلغان ئامانەت،
يۈرىكىمگە داغ بولدى.

هاۋادىكى لاچىننى،
تور بىلەن تۇتاي دەيمەن.
مەشۇقۇم چىرايلىقنى،
سۆ بىلەن يۇتاي دەيمەن.

ئۆستەڭ بويىدا يالپۇز،
يالپۇزنىڭ شېخى يالغۇز.
ئەقىللىق مېنىڭ يايرىم،
يىغلاپ يۈرگۈدەك يالغۇز.

قىزارىپ تونغا سىغماسمەن،
مەگەر كۆرسەم جامالىڭنى.
جاهان ئەھلىگە بەرمەسمەن،
سېنىڭ بىر جۆرە خالىڭنى.

ئۆستەڭنىڭ تېگى لايدۇر،
دەسسىسەم لىغىرلايدۇ.
يارىمنى خىيال قىلسام،
يۈرۈكۈم جىغىرلايدۇ.

دەرت بىلەن بوستاندا ياتقۇنچە،
چۆل- باياۋان ياخشىدۇر.
قەدرىنى بىلمەس ئادەمدىن،
بىلسەڭ هايۋان ياخشىدۇر.

بېيىتلار:

يارىنىڭ باغىغا كىرسەم ئالما تۈگمىدەك بوپتۇ،
كىچىككىنە شۇ يايرىم قايرىپ سۆيگۈدەك بوپتۇ.
شۇ يايرىمنى كۆرگەن خەق بارچىسى بولۇر ئاشىق،
بىر كۆرۈپ قالسا مەگەر كۆيۈپ ئۆلگۈدەك بوپتۇ.
ئاۋۋىلىدا ئويۇن قىلسام يىغلار ئىدى ئۇ دىلبەر،
بۇ دەمدە ئويۇن قىلسام قاراپ كۈلگۈدەك بوپتۇ.

سېنى دەيمەن، سېنى دەيمەن، باشقا يارنى دېمەيمەن،
ئۆزگە مېنى يار بولغىن دەپ ھەسەل بەرسە يېمەيمەن.
مەن ئىشقىڭدا ئاشىق غېرىپ، كىمگە ئېيتاي مەن بېرىپ،
يۈرەك باغرىم پارە - پارە كۆرگىن كۆكسۈمنى يېرىپ.
سېنى دەيمەن، سېنى دەيمەن قالغۇنچەكى تامچە قان،
سېنى دېسەم قارنىم توقتۇر يېمىسەممۇ پارچە نان.

ئاقتىنا كۆينەك كىيىپسىز، ئاق تىكەنلەر ئىلمىسۇن،
كۆككىنە كۆينەك كىيىپسىز، كۆك تىكەنلەر ئىلمىسۇن.
ئىككىمىز ئاشىق بولايلى ئۆيدىكىلەر بىلمىسۇن،
ئۆيدىكىلەر بىلسە بىلسۇن، خەلقى- ئالەم بىلمىسۇن،
خەلقى- ئالەم بىلسە مەيلى ، ۋەدە يالغان بولمىسۇن ،
ۋەدىسىدە تۇرمىغانلار ھەرگىز ئىنسان بولمىسۇن.

گۈلنى گۈلگە بەرمىدىڭىز، گۈلنى تىكەنگە بەردىڭىز،
گۈل خىلىنى تاپماستىن قېرى چالغا بەردىڭىز.
قېرى چال قانداق كىشى، ئاغزىدا يوقتۇر چىشى،
قوسۇقۇم ئاچتى دېسە چايناپ بېرەر چوكان كىشى.

بېيىت ئېيتىش:

قىز: چىشىڭ شۇنچە سۈپەتلىك ئاق تۇرادۇر،
لېۋىڭنىڭ تاتلىقى تىلنى يارادۇر.
قاشىڭ قازى بولۇپ يۈرتنى سورايدۇ،
كۆزۈڭ ئويناپ تۇرۇپ جاننى ئالادۇر.

يىگىت: سېنى ھەر كۈندە مىڭ كۆرگۈم كېلەدۇر،
قۇچاقىمغا ئالىپ سۆيگۈم كېلەدۇر.
سېنىڭ بىلەن، مۇدام، يۈرگۈم كېلەدۇر،
ماڭا بىر باقمىساڭ ئۆلگۈم كېلەدۇر.

توي قوشاقلىرى:

ھاي- ھاي ئۆلەن، ھاي ئۆلەن، مەن نەقىلاي يار- يار،
خەنجەر ئېلىپ يۈرەكنى پارە قىلاي يار- يار.

ھاي- ھاي ئۆلەن، ھاي ئۆلەن، قار كېلەدۇر يار- يار،
كىمخاپ تونغا پۈركۈنۈپ يار كېلەدۇر يار- يار.

ئاۋال ئاخشام ئاي چىقتى، ئۆكەر قېنى يار سەنەم،
بىزنىڭ يارلار ئاتلاندى، نەۋكەر قېنى يار سەنەم.

ئاپئاق- ئاپئاق قۇچقاچلار سايدا تولا يار سەنەم،
ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەر تويدا تولا يار سەنەم.

قىزىل- قىزىل پىيازنىڭ پوستى تولا يار سەنەم،
ئۆيلەنمىگەن يىگىتنىڭ دوستى تولا يار سەنەم.

ئالا- ئالا كۆكنەك پاقا ئالۇر يار سەنەم،
ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەر خاپا بولۇر يار سەنەم.

سېرىق، سېرىق قۇش هۆ- هۆ دەيدۇ يار سەنەم
ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەر ئارمان يەيدۇ يار سەنەم.

ئەگمە- ئەگمە يوللاردىن ئىز كېلەدۇر يار سەنەم،
كىمخاپ تونغا پۈركىنىپ قىز كېلەدۇر يار سەنەم.

ياخشى - ياخشى موللاملار نىكاھ قىلىڭ يار سەنەم.
كۆن ئۆلتاردى، كەچ بولدى قىزنى بېرىڭ يار سەنەم.

ئانىنىڭ يىغىسى:

كىچىككىنە قارا كۆزۈم، ۋاي بالام، ۋاي بالام.
تىلى تاتلىق شىرىن سۆزۈم، ۋاي بالام، ۋاي بالام.

مەن بالامنى بەرمەيتتىم، ۋاي بالام، ۋاي بالام.
ئاقچىسىنى ئالمايتتىم، ۋاي بالام، ۋاي بالام.

ئۆيدە يالغۇز قالۇرمەن، ۋاي بالام، ۋاي بالام،
كەلسە تارتىپ ئالۇرمەن، ۋاي بالام، ۋاي بالام.

ئونبەش ياشقا يەتمىگەن، ۋاي بالام، ۋاي بالام،
ئۇرسام ئۆيدىن كەتمىگەن، ۋاي بالام، ۋاي بالام.

ئۇچۇپ كەتتى ئۆيۈمدىن، ۋاي بالام، ۋاي بالام،
غايىپ بولدى كۆزۈمدىن، ۋاي بالام، ۋاي بالام.

بالام بېرىپ ئۇخلىغاي، ۋاي بالام، ۋاي بالام،

بالامنى ھەق ساقلىغاي، ۋاي بالام، ۋاي بالام.

شۇڭقارىمنى ئۇچۇردۇم، ۋاي بالام، ۋاي بالام،
خۇدايىمغا تاپشۇردۇم، ۋاي بالام، ۋاي بالام.

× × ×

يىل بېشى نەۋرۇز كۈنى ئالەم گۈلۈستان بولغۇسى،
ئاسماندىن يەر يۈزىگە ئابى رەھمەت ياققۇسى.

ھەر ئوغۇل خىزمەت قىلىپ ئۇستازىنى قىلسا رىزا،
ئىككى ئالەمدە بۇ پەرزەنت ھەق رىزاسى تاپقۇسى.

كەلدى نەۋرۇز ئېيشى بۇنيار ئەتكىلى،
بارچە ئادەم كۆڭلىنى شات ئەتكىلى،
ھەر ئوغۇل موللاسىدىن ئېلىپ دۇئا،
كۆڭلىنى غەملەردىن ئازاد ئەتكىلى.

ئۇسەككە بارۇرمىز دەپ،
ئەسكى تام ئارا ياتتۇق.
ئۆي- جايىمىز پۈتكۈنچە،
تۇپراق تۈپىدە ياتتۇق.

ئۇسەككە بارغان خەقلەر،
ئەسكى تامنى ئۆي قىلدى.
ئۇندا خوتۇن ئالغانلار
ئەسكى تامدا توي قىلدى.

سى. يى. مالوۋ توپلىغان ھەر خىل تېمىدىكى قوشاقلاردىن:
ئېيتىشىش:

يىگىت: ئۇيان ئۆتۈپ قىز جېنىم،
بۇيان ئۆتۈپ قىز جېنىم.
چېچىڭىزنىڭ ئۇچىنى،
كۆرۈپ باقاي قىز جېنىم.

قىز: نېمە دەيدۇ بۇ يىگىت،
نېمىلەر دەيدۇ بۇ يىگىت.
قارا ئاتنىڭ يايلىنى،
كۆرمەپتىمۇ بۇ يىگىت.

× ×

لاپ:

ئۆنمىگەن چىغ تۆۋىدىن،
تۆرەلمىگەن توشقان چىقتى.
پۇتمىغان چوماقتا ئۇرسام،
كولىمىغان ئورىغا چۈشتى.
ئالتە كىشىگە باستۇردۇم،
يەتتە كىشىگە سويدۇردۇم.
چىنارغا ئېسىپ قويسام،
يەتتە پاتمان ياغ چىقتى.
قىرىق چىلتەن ناشتا قىلدۇق،
قوۋۇرغىسى تاغ چىقتى.
ئەلە- مەلىگە يەتتى،
ئوتتۇز پاتمان شورپىسى.
چىشلىرىدىن بولدى مەلۇم،
توشقانلارنىڭ بوۋىسى.
قوۋۇرغىسىدىن تال ئەگسەم،
ئوتتۇز توققۇز تال بولدى.
تاللىرىدىن پىشتى بادام،
قوغۇن، شاپتۇل بال بولدى.
بىر شاپتۇلنى يېرىۋىدىم،
بىر ساھىپجامال چىقتى.
كىرپىكى ئوق يايى ئىكەن،
كۆزلىرى لال- لال چىقتى.
بۇندىن ئوشۇق گەپ قىلسام،
ھەممىسىلا لاپ بولدى.
لاپنى لاپقا ئۇلىسام،
ئون ئىشەككە قاپ بولدى.

× × ×

قەشقەرلىققە ئالۋاڭ ياغدى،

ئالۋالڭ ئەمەس قان ياغدى.
كۆندە ھەر ئۆيلۈكتىن،
چۆپ بىلەن سامان ياغدى.
بىدىنى ئالۋر جىڭلاپ،
قويلارنى ئالۋر ئىلغاپ،
ئاتلارنى ئالۋر خىللاپ،
قەشقەرلىك يۈرەر يىغلاپ.
خەلقتە ئىشەك قالماس،
باغدا خەشەك قالماس.
بۇ زالىم تىرىك بولسا،
خەلقتە توشەك بولماس.

## باللار فولكلورىدىن

تاكا، تاكا
زەنجىر ھالقا
- قارا قوي نەدە بار
- گۈلشەنباغدا بار
- باقتا كىرسەم باغدا يوق،
- تاقتا چىقسام تاغدا يوق،
- ئۇ قوينى تېپىش كېرەك،
- باقتا سۇ سېپىش كېرەك.
- سەن تۇرۇپ چىق
- سەن چىق
چىمىلدىقىم چىق، چىق!
بىرىنچى بالا:

ئاق تاش، كۆك تاش
دەريا سۈيى سۈزۈك تاش
ئوينايدىغان بالا بارمۇ؟
ئىككىنچى بالا:
ئىلىمىز ئەردىن،
نىنىمىز يەردىن،
مىلىمىز تاغدىن،
مىۋىمىز باغدىن،
ئۆيىمىز لايدىن،
سۈيىمىز سايدىن،
خۇدا ساقلىسۇن،
مەتتوختى بايدىن.

# ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيەسىدىكى رولى

زۇلپىيە تۇرسۇن

مۇئەييەن تارىخىي دەۋردە تەرەققىي تاپقان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى موڭغۇل مەدەنىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنىدى. 13 - ئەسىردىكى دەۋر ئېقىمى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى بىر كەڭ زېمىنگە ئىگە قىلدى. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئاۋۋال موڭغۇل مىللىتى ئارىسىدا غايەت زور تەسىر قوزغىدى. ئاندىن چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، ئىمپېرىيەنىڭ كەڭ زېمىنىگە تارالدى. چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيەسى ئۆز مۇساپىسىنى تۈگەتكەندە، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى موڭغۇل مىللىتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ھەم ئىران ئېگىزلىكىدە چوڭقۇر ئىز قالدۇردى. بۇ، 13 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى.

مىلادى 13 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا مەملىكىتىمىزدىكى گوبى چۆللۈكىنىڭ شىمالىدا ياشايدىغان موڭغۇللار تەرەققىي قىلىپ قۇدرەتلىك بىر كۈچكە ئايلاندى. 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا موڭغۇللاردىن چىڭگىزخان (تېموجىن 1162 - 1227) باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، دەسلەپكى قەدەمدە تارقاق موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈردى. ئۇ قول ئاستىدىكى قوشۇنلارغا باشچىلىق قىلىپ، ئونون دەرياسى ۋادىسى ۋە بولۇننۇر كۆلى بويلىرىدا، خاڭگاي ۋە ئالتاي تاغلىرى ئېتىكىدە ياشايدىغان تاتار، كېرەي، مەركىت، ئونغۇت قاتارلىق قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرۇپ، 1204 - يىلى ئالتاي تاغلىرى ئەتراپىدا ياشايدىغان تايانخان باشچىلىقىدىكى نايمانلارنى يېڭىپ، موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈردى. بۇ جەرياندا چىڭگىزخان نايمانلارنىڭ تامغىچىسى تاتا تۇڭانى ئەسىر ئالدى، بۇ ئادەم ئۇيغۇر، ئۇلۇغ ئىدىقۇت ئېلىدىن بولۇپ، زېرەك، ناتىق، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىغا كامىل ئىدى. نايمانلارنىڭ خانى تايانخان ئۇنى ھۆرمەتلەپ ئۆزىگە ئۇستاز قىلىپ، نايمانلارنىڭ ئالتۇن تامغىسى ۋە خەزىنە ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزغانىدى. ئۇ ئەسىر ئېلىنغاندىن كېيىن، چىڭگىزخان ئۇنىڭ ھال - ئەھۋالىنى ۋە تامغا، يېزىق ئىشلىتىشنىڭ پايدىسى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەپسىلىي سوراپ بىلدى، شۇنىڭ بىلەن چىڭگىزخان ئەمىر - پەرمان چۈشۈرۈشتە تامغا ئىشلىتىشكە باشلىدى. ئۇيغۇر يېزىقىنى دۆلەت يېزىقى قىلىپ بەلگىلەپ، ئۆزىنىڭ ئەۋلادى ھەم موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىگە ئۆگىتىشنى قارار قىلدى ھەمدە بۇ ئىشنى تاتاتۇڭاغا تاپشۇردى. تاتاتۇڭا ئەنە شۇندىن باشلاپ، «دۆلەت ئۇستازى» دېگەن پەخرىي ئۇنۋانغا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر يېزىقىنى تۇنجى قېتىم موڭغۇللارغا تارقاتتى . موڭغۇللار تۇنجى يېزىققا ئىگە بولدى ①. تاتاتۇڭا موڭغۇل تىلىنى ئۇيغۇر يېزىقىدا خاتىرىلەش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشقا

سىلىپ، ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدىكى موڭغۇل ئېلىپبەسىنى ئىجاد قىلدى. بۇ يېزىق يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ئۇلاپ يېزىلىدىغان، قۇرلىرى ئوڭدىن سولغا يېزىلىدىغان يېزىق بولۇپ، موڭغۇللار ئارىسىدا تېز ئومۇملاشتى ھەمدە تارىختا موڭغۇللارنىڭ يېزىقى بولۇپ شەكىللەندى.

پەۋقۇلئاددە تارىخىي شارائىت ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ موڭغۇللارغا تەسىر كۆرسىتىشىگە ئاساسلىق سەۋەب بولدى. ئۇيغۇرلار چىڭگىزخان بويسۇندۇرغان تۇنجى يۇكسەك مەدەنىيەتلىك ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى مىللەت ئىدى. بۇ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئىمپېرىيە مىقياسىدا غايەت زور رول ئوينىشىنى بەلگىلىدى. بۇ جەرياندا بىرىنچى بولۇپ ئۆز رولىنى كۆرسەتكىنى ئۇيغۇر يېزىقى بولدى.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، موڭغۇللار زورلۇق كۈچى ئارقىلىق يىراق شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەدەنىيەتلىك رايونلارنى بويسۇندۇرغان چاغلاردا تېخى فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ھەتتا يېزىقىمۇ يوق ئىدى. ئۇلار مۇھىم ۋەقە، قۇتلۇق كۈنلىرىنى يىپ تۈگۈش ياكى ياغاچقا بەلگە سېلىش ئارقىلىقلا خاتىرىلەيتتى. ھەتتا چىڭگىزخان دۆلەت بەرپا قىلغان دەسلەپكى مەزگىللەردىمۇ، ھەربىي قوشۇنلارغا بېرىلىدىغان بۇيرۇقلار ئاغزاكى يەتكۈزۈلۈپ تۇراتتى. دېمەك ئۇلار ئۆزلىرى ئىشغال قىلغان رايونلاردىكى خەلقلەردىن (جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردىن) مەدەنىيەت جەھەتتە خېلىلا تۆۋەن تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىستىلاچىلىق ئۇرۇشىنى ئاخىرلاشتۇرغان موڭغۇللار بويسۇندۇرۇلغان رايونلاردا ئەلنى ئىدارە قىلىش، جەمئىيەتتە تەرتىپ ئورنىتىش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە زور قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ئىشلىرى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنلىرىنى موڭغۇل رايونلىرىغا ئوخشاش چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا ئايلاندۇرۇپ باشقۇرۇش تېخىمۇ ئەقىلغا سىغمايتتى. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار خۇددى چىڭگىزخاننىڭ باش ۋەكىلى يوللىغ چۇساي كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، زورلۇق ئۈستىگە تەسىس قىلىنغان بۇ ئىمپېرىيىنى زورلۇق بىلەنلا ئىدارە قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى يەنى قورال كۈچى بىلەن تەشكىل قىلىنغان ئىمپېرىيىنى نىزام ۋە مەدەنىيەتكە تايانماي باشقۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق پەملىگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن بولغان تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى، قانۇن - نىزاملىرىنى، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىشكە ۋە ئۇنى كېڭەيتىپ قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ۋە باشقا يەرلىك خەلقلەر ئىچىدىكى تالانتلىق ئالىملار، زىيالىيلار، ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر ھەممە بىر بۆلەك يۇقىرى تەبىقە زاتلىرى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ دۆلەت ئاپپاراتلىرىدا مۇھىم خىزمەتلەرگە قويۇلدى. چىڭگىزخان دەۋرىدە يولغا قويۇلغان قانۇن - تۈزۈم ۋە چىڭگىزخاننىڭ سۆز-پەرمانلىرى بايان قىلىنغان «بەلىك» دەل ئەشۇ ئۇيغۇر يېزىقىدا تۇنجى قېتىم يېزىپ قالدۇرۇلدى. ئۇيغۇر يېزىقى ۋەتىنىمىزنىڭ مول يازما ماتېرىياللىرىنى موڭغۇلچىغا تەرجىمە قىلىشتىمۇ كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى. مەسىلەن: ئېلىمىزنىڭ چوڭ تىپتىكى يىلنامە كىتابى - «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئۆرنەكلەر» ئۇيغۇر يېزىقى ئارقىلىق موڭغۇلچىغا

تەرجىمە قىلىندى. موڭغۇل خان ئوردىسىغا ئالاقىدار قانۇن ۋە يادىكارلىقلارنى ئۇيغۇر يېزىقى شەكلىدىكى موڭغۇل يېزىقىدا يېزىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى. خانلىقنىڭ پەيزە - تامغىلىرىمۇ مۇشۇ خىل يېزىقتا ئويدۇرۇلدى. موڭغۇللارنىڭ ھەربىي قوشۇنلىرىدا ئىشلىتىلگەن پەيزىلەردىن ھازىرغىچە جەمئىي 11 ى قېزىۋېلىنىپ ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى 1845 - يىلى دېنېپر دەرياسى بويىدىن قېزىۋېلىنغان كۈمۈش پەيزە بولۇپ، ئۇ قىپچاق خانلىقى (ئالتۇن ئوردا خانلىقى) غا مەنسۇپ يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ پەيزە ئۈزۈنچاق ئىشلەنگەن، ئىككى تەرىپىگە ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدىكى موڭغۇل يېزىقى ئويۇلغان②. كېيىنچە، چىڭگىزخاننىڭ دەشتى قىپچاق، ماۋرا ئۇننەھر ھەم خوراسان، ئەجەم رايونلىرىنى ئىگىلىگەن ئەۋلادلىرىمۇ دەل شۇ ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدىكى موڭغۇل يېزىقىنى ئىشلەتكەن.

ئىمپېرىيىنىڭ قۇدرەت تېپىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىشلىنىش دائىرىسى پەيدىنپەي موڭغۇل خان جەمەتىدىن ئىمپېرىيىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ساھەلىرىنىڭ ھەممە جەھەتلىرىگە كېڭەيدى. پۈتكۈل 13 - ئەسىردە ئۇيغۇر يېزىقى ئىمپېرىيىنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى راۋانلاشتۇرىدىغان ئاساسلىق قورال بولۇپ قالدى. ئىمپېرىيە باشلىقىنىڭ پەرمان- يارلىقلىرى، مەركىزىي ئاپپاراتلارنىڭ مەكتۇپ - بۇيرۇقلىرىدىن تارتىپ تاكى چېگرا مۇداپىئە ئىشلىرى، ھېسابات، تىلخەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلىدىغان بولدى. 1253 - يىلى مۆڭكۈخاننىڭ فرانسىيە كىنەزى لۇئى IX غا يازغان خېتى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغانىدى③. بۇ يازما يادىكارلىق ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىمپېرىيىدىكى ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنىڭ ئوبدان دەلىلى.

ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ موڭغۇللارغا كۆرسەتكەن ئىككىنچى تەسىرى تامغا تۈزۈمى ئىدى. تاتاتۇڭا توغرىسىدىكى يازما مەلۇماتتىن ئايان بولۇشىچە، تاتاتۇڭا تامغىنى ئېلىپ قاچقاندا ئەسىرگە چۈشكەن. موڭغۇل ئەسكەرلىرى تايانخاننىڭ قول ئاستىدا مۇھىم خىزمەتتە بولغان بۇ ئەسىرنىڭ يېنىدىن پەقەت بىرلا تامغىنى ئاختۇرۇپ تاپقاندا، چىڭگىزخان ھەيران قالغان، ئۇ تاتاتۇڭادىن سوراپ تامغىنىڭ رولى ۋە نوپۇزىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، پەرمان ۋە يارلىقلارغا تامغا ئىشلىتىشنى يولغا قويغان. ئىمپېرىيە زېمىنىنىڭ كېڭىيىشى ۋە ھەربىي، مەمۇرىي ئاپپاراتلارنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، ئىمپېرىيە دائىرىسىدە تامغا ئىشلىتىش ئومۇملاشقان.

ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ موڭغۇللارغا كۆرسەتكەن ئۈچىنچى تەسىرى ئەمەل - مەنسەپ تۈزۈمىدىن ئىبارەت، موڭغۇللارنىڭ ئاددىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى پەقەت كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ ئاددىي ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغىلا مۇۋاپىق كېلەتتى. ھەربىي مۇۋەپپەقىيەتلەر ئۈزلۈكسىز قولغا كەلتۈرۈلۈۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، ئىمپېرىيە مۇقەررەر ھالدا بىر قاتار ئىقتىسادىي ۋە ئەدلىيە مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن موڭغۇللار مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە ئۆزىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پۇقرالىرىدىن بولغان ئۇيغۇرلاردىن ئودۇم ئېلىشقا مەجبۇر بولدى.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ موڭغۇللار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشى ئېلىمىز تارىخىدىكى

بىر مۇھىم ئىش بولۇپ، ئۇ موڭغۇل مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلار تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن ئىدى. چىڭگىزخان شۇندىن باشلاپ يېزىق ئارقىلىق يارلىق چۈشۈرىدىغان بولدى، موڭغۇل ئەمەلدارلىرىنىڭ نوپۇس تىزىملاش، خاتىرە يېزىش، ئىش بېجىرىش قاتارلىق پۈتكۈل پائالىيەتلىرى يېزىق ئارقىلىق ئورۇندىلىدىغان بولدى. ئۇيغۇر يېزىقى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماستىن، كېيىنچە، مانجۇ، شىبە مىللەتلىرىنىڭ ئەنە شۇ ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدىكى موڭغۇل يېزىقىنى ئاساس قىلىپ، مانجۇ، شىبە يېزىقلىرىنى ئىجاد قىلىشىغىمۇ تۈرتكە بولدى. بۇ، مانجۇ، شىبە مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى ۋە ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتىمۇ مۇھىم رول ئوينىدى.

ئىزاھلار:

① ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق تۈزگەن: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 804- بەت

② «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 250 - بەت.

③ گېڭ شىمىن تۈزگەن: «ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە»

---

(بېشى 34 - بەتتە)

بىرلىشىپ ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ لايىھىسىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

8- ئاينىڭ بېشىدا، مىللىي كېڭەش يىغىنى يېپىلىپ نەچچە كۈندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ «جۇڭياڭ رىباۋ گېزىتى» دە مەمۇرىي پالاتانىڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغانلىقى خەۋەر قىلىندى. خەۋەردە شېڭ شىسەينىڭ دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرلىك ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغانلىقى، باشقا مىنىستىرلارنىڭ يەنىلا ئۆز خىزمىتىنى ئۆتەۋېرىدىغانلىقى يېزىلغانىدى.

(«قورۇم تاغدىن گۆھەر قېزىش» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى)

---

(بېشى 36 - بەتتە)

تارىخچىلار بۇ نامنى باشقىچە پىكىردە بولماي ئىشلىتىپ كەلدى. جۇڭگومۇ 20- ئەسىرنىڭ دەسلىپىدىلا بۇ نامنى قوللىنىشقا باشلىدى. گەرچە بەزى جۇڭگولۇق ئالىملار شىمالىي يولدا قەدىمكى ئاۋرىسىدىن ۋە ئۇنىڭ شەرقىي شىمالىدىن كۆپ چىقىدىغان قىممەتلىك سۆغۆر تېرىسىنىڭ شەرققە توشۇلغانلىقىغا ئاساسەن بۇ يولنى «يۇڭ - تېرە يولى» دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، جەنۇبىي يولدا خوتەننىڭ كۆپلىگەن ئېسىل قاشتېشىنىڭ شەرقتە جۇڭگونىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىگە، غەربتە ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە توشۇلغانلىقىغا ئاساسەن بۇ يولنى «قاشتېشى يولى» دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، بىراق بۇ نام مۇئەييەن بايانلاردىلا ئىشلىتىلىپ كەلدى. «يىپەك يولى» دېگەن نامنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراپ قىلىنىشى ۋە ئىشلىتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتەلمىدى.

چىمەنگۈل مۇزەپپەر تەرجىمىسى

# شېڭ شىسەيىنىڭ مەنسەپتىن ئېلىپ تاشلىنىشى

مايۇيۈن

1944 - يىل 8 - ئايدا مىللىي ھۆكۈمەت شېڭ شىسەيىنى مەمۇرىي پالاتانىڭ دېھقانچىلىق-ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى قىلىپ بەلگىلىگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. 9 - ئايدا شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن ئايرىلىپ چۇڭچىڭغا يېڭى ۋەزىپە ئۆتىگىلى يورۇپ كەتتى. مېڭىش ئالدىدا، كۆپلىگەن زىخچا ئالتۇن، كۈمۈش تەڭگە ۋە ئېسىل نەرسىلەر قاچىلانغان 30 دىن ئارتۇق ماشىنا شېڭ شىسەيىنىڭ مۇھاپىزەت ئەترىتىنىڭ ھىمايىسىدە چېگرىدىن چىقتى. ئارخىپلاردا خاتىرىلىنىشىچە، شىنجاڭنىڭ خەزىنىسىدە ساقلىنىۋاتقان 50 مىڭ سەر ئالتۇنمۇ پۈتۈنلەي قۇرۇغدىلىنىپ قالغانىكەن.

1945 - يىل 7 - ئايدا گومىنداڭ مىللىي كېڭەش يىغىنى ئاچتى. شىنجاڭدىن ئەسلىدە ئىككى نەپەر كېڭەش ئەزاسى بەلگىلەنگەنىدى. ئۇلارنىڭ بىرى لىيۇ ۋېنلۇڭ، خەنزۇ، بۇرۇن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ جۇشىسى بولغان، شېڭ شىسەي تەرىپىدىن بىر قانچە يىل رىجىمغا ئېلىنغان. يەنە بىرى لەنجۇدا تۇرۇۋاتقان قادىر ئەپەندى دېگەن ئۇيغۇر كىشى ئىدى. كېيىن يەنە بىر كېڭەش ئەزاسىنى كۆپەيتىش قارار قىلىندى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قارار قىلىشى بىلەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش باش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرىيەت باشلىقى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ساقچى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئۆمەر داموللا كېڭەش ئەزاسىلىقتا تولۇقلاپ سايلاندى. مەن كېڭەش يىغىنىغا قاتناشقۇچى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن كېڭەش ئەزالىرى بىلەن بىللە چۇڭچىڭغا باردىم. چۇڭچىڭغا بارغاندىن كېيىن، بىز مەمۇرىي پالاتانىڭ موڭغۇل - تىبەت كومىتېتىنىڭ تۇرالغۇ بىناسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدۇق. يىغىن ھارپىسىدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى «شىنجاڭدىكى نۇرغۇن بىگۇناھ ھەر مىللەت خەلقىنى قىرغان جاللات شېڭ شىسەيىنى قاتتىق جازالاش ھەققىدە ھۆكۈمەتكە ئىلتىماس» نىڭ لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە بۇنى جەمئىيەتتىكى مۆتىۋەرلەر ۋە مەشھۇر زاتلارغا ئەۋەتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىنى ئۆتۈندى. شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا خۇاڭ يەنپېي قاتارلىق بىر تۈركۈم دېموكراتىك زاتلار لايىھىگە ئىمزا قويۇشتى. خۇاڭ يەنپېي لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. يىغىن ئېچىلغاندىن كېيىن، يىغىن باش كاتىپى لېي جېن ئۆمەر دامولانىڭ تۇرالغۇسىغا بېرىپ، ئۆمەر دامولانىڭ يىغىندا مەخسۇس تېمىدا سۆز قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. شىنجاڭلىق كېڭەش ئەزالىرى يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن مەمنۇن بولدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، ئۆمەر دامولا مۇنبەرگە چىقىپ، مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىتلار ئارقىلىق شېڭ شىسەيىنىڭ قانلىق زوراۋانلىقلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. ئۆمەر دامولانىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن پۈتۈن مەيداندىكىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى ۋە ھەر ساھەدىكى زاتلار

(ئاخىرى 33 - بەتتە)

# «يىپەك يولى» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە چۈشەنچە

ماۋدىڭ

يىپەك يولى ئىنگلىز تىلىدا Silk Road دېيىلىدۇ. Silk دېگەن سۆز يىپەك، مەشۇت، تاۋار، شايى، تاۋار - دۇردۇن دېگەن مەنىنى، Road دېگەن سۆز يول، تاشيول، سەپەر، مۇساپە دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا Silk Soad دېگەن سۆزنى «يىپەك يولى» دەپ تەرجىمە قىلىش توغرا تەرجىمە ھېسابلىنىدۇ.

«يىپەك يولى» دېگەن بۇ نام ياكى تېرمىن 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئەڭ دەسلەپ گېرمانىيىدە پەيدا بولغان. ئۇ قەدىمكى ياۋروپا - ئاسىيا ئوتتۇرىسىدىكى قۇرۇقلۇق ترانسپورت لىنىيىسىنىلا كۆرسىتەتتى. جۇڭگو يىپەكلىرى مۇشۇ يول ئارقىلىق غەربكە توشۇلغانلىقى ئۈچۈن بۇ يول يىپەك يولى دەپ ئاتالغان. بۇ يول خېشى، دۇنخۇاڭدىن غەربكە قاراپ جەنۇبىي يول ۋە شىمالىي يول دەپ ئىككى يولغا ئايرىلاتتى. جەنۇبىي يول قۇرۇم (كۇئېنلۇن) تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويلاپ، خوتەندىن ئۆتۈپ سۇلېغا باراتتى. شىمالىي يول لوپنۇر كۆلى ئارقىلىق تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلاپ، كۇچا، ئاقسۇدىن ئۆتۈپ سۇلېغا باراتتى. جەنۇبىي يول بىلەن شىمالىي يول سۇلېغا بارغاندىن كېيىن، كۆكئارت (پامىر) تېغىدىن ئۆتۈپ، يا جەنۇبقا قاراپ ھىندىستانغا، يا غەربكە قاراپ پېرسىيە (ھازىرقى ئىران) ئارقىلىق ئوتتۇرا دېڭىز دۆلەتلىرىگە باراتتى. ھازىر قەدىمكى خېشى، دۇنخۇاڭدىن باشلىنىپ، ئارا تۈرك، بېشبالىق (ھازىرقى جىمسار)، ئالمىلىق (ھازىرقى غۇلجا) دىن ئۆتۈپ، غەربكە قاراپ كاسپىي دېڭىز بويىغا بارىدىغان يول يىپەك يولىنىڭ شىمالىي يولى دەپ، ئەسلىدىكى شىمالىي يول ئوتتۇرا يول دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، يىپەك يولىنىڭ يايلاق يىپەك يولى، دېڭىز يىپەك يولى، غەربىي جەنۇپ يىپەك يولى دەيدىغان ئاتىلىشمۇ بار، بۇ، جۇڭگونىڭ قەدىمكى زاماندىكى سىرتقا قارىتىلغان يىپەك سودىسى تەتقىقاتىنىڭ كۈندىن- كۈنگە چوڭقۇرلىشىۋاتقانلىقىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا ئەسلىدىكى «يىپەك يولى» دېگەن نامنىڭ تېخىمۇ كەڭ مەزمۇنغا ئىگە بولۇشىدۇر.

20 - ئەسىردىن بۇرۇن ۋە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتنىشى توغرىسىدا جۇڭگو سالنامىلىرىدا نۇرغۇن خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان ۋە جۇڭگو ئالىملىرى ئەستايىدىل تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، بىراق، «يىپەك يولى» دېگەن ناھايىتى جايىدا قويۇلغان ۋە باي، چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە بولغان بۇ نام زادىلا ئىشلىتىلمىگەن. بۇ نامنى ئەڭ دەسلەپ گېرمانىيىلىك رىچىت خوفېن ئىشلەتكەن.

رىچىت خوفېن (RICHTHOFeN, Ferdinand, Baron, Von ,1833~1905) گېرما-

نېمىسنىڭ داڭلىق جۇغراپىيە ئالىمى ۋە ساياھەتچىسى. ئۇ بون ئۇنىۋېرسىتېتى، لېيپزىگ
ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ گېئولوگىيە ۋە جۇغراپىيە پروفېسسورى
بولغان. ئۇ 1833 - يىل 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى سىلىزىيىنىڭ كارسلوئې دېگەن يېرىدە
تۇغۇلغان. بورسلاۋ ۋە بېرلىندا ئوقىغان. 23 يېشىدا (1856 - يىلى) تىلۇر قاتارلىق
جايلاردا ئۈچ يىل گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. 26 يېشىدا (1859 - يىلى)
گېئولوگىيە ئالىمى سۈپىتى بىلەن گىراف ۋون ئولېنبورگ (Count Von Eulenburg) نىڭ
رەھبەرلىكىدىكى پروسسىيە دىپلوماتىيە ئەلچىلەر ئۆمىكى بىلەن بىرگە يىراق شەرققە ئەلچە-
لىككە چىقىپ، 1862 -يىلغىچە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سەيلون، ياپونىيە، تەيۋەن،
فىلىپپىن، بانگوك، ھىندىستان قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلغان. شۇ ۋاقىتتا ئۇ قەدىمكى
جۇڭگونى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ چىقىشقا تولىمۇ تەشنا ئىدى. بىراق شۇ چاغدا
جۇڭگودا تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابى قالايمىقانچىلىقى بولۇۋاتقاچقا، جۇڭگو قۇرۇقلۇقىغا بېرىشقا
ئامالسىز قالدى. 1868 - يىلدىن كېيىن، ئۇ ئامېرىكىدىكى ساياھىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ
يەنە بىر قېتىم شەرققە باردى. بۇ چاغ جۇڭگودا 14 -يىل داۋاملاشقان تەيپىڭ تيەنگو
قالايمىقانچىلىقى تىنجىغىنىغا بىر نەچچە يىل بولغان ۋاقىت بولۇپ، پادىشاھ دۆلەتنى تىنىچ-
لاندۇرغانىدى. شۇڭا رىچىت خوفېن جۇڭگوغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى.
1872 - يىلغىچە ئۇ بەش يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، جۇڭگوغا ئارقا - ئارقىدىن يەتتە قېتىم
كەلدى. ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئىككى يىلچە (1871 - 1872) ۋاقىت سەرپ قىلىپ،
جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى ۋە غەربىدىكى جايلاردا ساياھەت قىلدى ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.
ئۇ جۇڭگونىڭ غەربىي - شىمالىي قىسمىدا ئىقتىسادىي جۇغراپىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان
ئىنسانىيەت جۇغراپىيىسىگە ئائىت ماتېرىياللارنى ئىنتايىن تەپسىلىي توپلىدى. 1872 - يىلى
دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن، جۇڭگودا توپلىغان ماتېرىياللىرىنى بەش يىل تەتقىق قىلىپ،
1877 - يىلدىن 1885 - يىلغىچە «جۇڭگو - ئۆزۈم بىۋاسىتە قىلغان ساياھەت ۋە ساياھىتىم-
گە ئاساسەن ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتنىڭ نەتىجىسى » (China ; Ergebnisse eigner Reisen
und darau gegrundeter Studien) دېگەن كىتابىنى نەشر قىلدى. پۈتۈن كىتاب ئۈچ توم
ۋە بىر خەرىتىلەر توپلىمىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئەسەردە ئۇ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبى
ۋە شىمالىدىكى ئاسىيا - ياۋروپا ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى قۇرۇقلۇق ترانسپورت لىنىيىسىنىڭ
شەكىللىنىشى، مۇستەھكەملىنىشى، گۈللىنىشى، ئۇزاق داۋام قىلىشىغا ۋە جۇڭگو بىلەن
غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە جۇڭگونىڭ يېسىل يىپەكنىڭ ھەل
قىلغۇچ رول ئوينىغانلىقىغا ئاساسەن، بۇ ئىككى قۇرۇقلۇق ترانسپورت لىنىيىسىنى «يىپەك
يولى» دەپ ئاتىدى. بۇ نام بۇ ئىككى قۇرۇقلۇق ترانسپورت لىنىيىسىنىڭ 2000 يىللىق
تارىخىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىنى چوڭقۇر يىغىنچاقلىغان، ئۇنىڭ مول ھەم چوڭقۇر مەزمۇنىنى
توغرا ئېچىپ بەرگەن بولغاچقا، شۇندىن باشلاپ ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى جۇغراپىيە ئالىملىرى،

(ئاخىرى 33 - بەتتە)

# پەرەنجىلىك ئايال

## سىزىكى سىمىكو (ياپونىيە)

ياپون تىلىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: مەريەم ساقىم

### تەھرىر ئىلاۋىسى

بۇ ئەسەر ـ سىزىكى ئىسمىلىك ياپونىيىلىك ئايالنىڭ ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىپ يازغان ئەسلىمىسى. ئۇ شىنجاڭغا كېلىپ باقمىغان، لېكىن ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى شىنجاڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇ توكيو قىزلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، خاياشى قاتارلىق ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، ياپونىيىدە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن شىنجاڭلىق ئاقسۆڭەك ئوسمانغا ياتلىق بولغان، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، ئىسمىنى ئامىنەگە ئۆزگەرتكەن. بۇ توينىڭ ياپونىيە تەرىپىدىن مەقسەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان سىياسىي توي ئىكەنلىكى ئېنىق. ئۇ 1942- يىلىنىڭ باشلىرىدا ئېرىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى» قۇرۇش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلىرىغا ياردەملەشكەن، كېيىن شىمالىي جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ كونتروللۇقىدا بېيجىڭدىكى «قۇمۇل سارىيى» غا كۆچۈرۈلگەن. ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ئۈچ بالىسىنى ئېلىپ ئېرى بىلەن بىللە قەشقەرگە قايتىپ كېلىۋېتىپ، لەنجۇدا ئىككى يىل تۇرۇپ قالغان، 1949 ـ يىل 8 ـ ئايدا ياپونىيىلىكلەر قاتارىدا قولغا ئېلىنىپ، ئېرى ۋە بالىلىرىدىن ئايرىلغان ۋە چۆچەكگە ئېلىپ بېرىلىپ، تۈرمىگە سولانغان. 1955 ـ يىل 12- ئايدا تۈرمىدىن چىقىپ ۋەتىنىگە قايتقان. 1957 ـ يىل 12 ـ ئايدا بېيجىڭگە كېلىپ، ئۇرۇمچى دارىلتامدا بېقىلىۋاتقان ئۈچ بالىسى بىلەن كۆرۈشكەن. كېيىن ئۇلاردىن يەنە قايغۇ- ھەسرەت ئىچىدە ئايرىلىشقا مەجبۇربولغان. بىز ئۇنىڭ ئەشۇ سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنغان ئەسىرى «پەرەنجىلىك ئايال» (ياپونىيە ھەپتىلىك گېزىتى نەشرىياتى نەشر قىلغان) نى ژۇرنىلىمىزدا قىسقارتىپ ئېلان قىلدۇق.

# قايتا كۆرگەن چۈش

## باللارنى ئىزدەش

شۇۋا 32- يىل (1957- يىل) 12- ئاينىڭ 25- كۈنى سەھەر، نۆلدىن تۆۋەن 14 گرادۇسلۇق سوغۇقتا بېيجىڭ ۋوگزالىنىڭ سۇپىسىدا تۇراتتىم. مېنى قارشى ئېلىشقا ۋوگزالغا ئىنىكئانا فاتما كەلگەندى.

- خېنىم، مۇزلىمىدىڭىزمۇ؟ - ئۇ تەشۋىش بىلەن سورىدى.

- تېزرەك، باللىرىمنىڭ يېنىغا تېزرەك باشلاپ بارسىڭىزچۇ...

سەككىز يىل كۆرمىگەن باللىرىم بىلەن ئۇچرىشىش خۇشاللىقىدا قېنى. قېنىمغاسىغماي تۇرۇۋاتسام، سوغۇقنى ھېس قىلمىدىمەن.

چوڭ بولۇپ كەتكەندۇ، جېنىم قىزلىرىم، ئايشە، مۇزەپپەر، مىنەۋەر، ئاپاڭلارنى ئەسلىيەلەمسىلەركىن. تېزرەك كۆرۈشسەم، قۇچاقلاپ باغرىمغا چىڭ باسسام......

بىز تاكسىغا ئولتۇرۇپ، دۇڭجىمېن چوڭ كوچىسىدىن يۈرۈپ كەتتۇق.

فاتمانىڭ ئۆيىگە يەتكەندە، ماشىنىدىن چۈشۈپ ھويلىغا يۈگۈرگەندەك ئېتىلىپ كىردىم، بىراق ھېچكىم چىقمىدى.

- باللىرىم زادى قەيەردە؟

تۇيۇقسىز بىر گۇمان يۈرىكىمنى قىستى.

فاتما كۈلۈمسىرىگىنىچە كەينىمدىن كىرىپ، ئوڭ تەرەپتىكى ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. مەن ئەنسىرەش ۋە ئۈمىد ئىچىدە ئۆيگە كىردىم، دەرىزە تەرەپتە، سەندەل يېنىدا، خىجالەت بولۇۋاتقاندەك كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغان ئۈچ بالىنى كۆردۈم. بىردىنلا كاللامغا كەلگەن ئويغۇرچە سۆزلەر بىلەن:

- ئاپاڭلار كەلدى، ئايشە، مۇزەپپەر، مىنەۋەر، ۋاي شۇنچە چوڭ بولۇپ كېتىپسىلەر، ئاپاڭلار ئېسىڭلاردىمۇ؟ - دېدىم.

باللار يەنىلا كۈلۈمسىرىگىنىچە جىم ئولتۇراتتى. شۇ ئارىدا ھەدىسى ئايشە بىلەن تۇنجى ئوغلۇم مۇزەپپەرنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار مارجاندەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

ئىككىنچى ئوغلۇم مىنەۋەرلا ھەيرانلىقتا ماڭا قاراپ ئولتۇراتتى. بۇ ماڭا غەلىتە تۇيۇلمىدى، چۈنكى مىنەۋەر بىر ياش چېغىدا بىز ئايرىلىپ كەتكەندۇق.

باللىرىمنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇچىلىسىنى مەھكەم قۇچاقلىدىم، مېنىڭ مەڭىزلىرىم كۆز ياشلار بىلەن يۇيۇلدى.

- بىچارە باللىرىم، ئەجەپمۇ جاپا چەكتىڭلار، بەكمۇ قىينالدىڭلار، ئاپاڭلار قايتىپ كەلدى. ئەمدى بىللە ياشايمىز، بۇندىن كېيىن ھېچيەرگە بارماي، مۇشۇ يەردە ئوقۇساڭلار نېمە دېگەن ياخشى-ھە؟!

تىزلىرىمغا ئولتۇرغۇزۇپ ئەركىلىتەلمىگەن چاغلىرى ئۆتۈپ كەتكەن ئۈچ بالامنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ شۇ سۆزلەرنىلا ئېيتالىدىم، كۆز ياشلىرىم توختىماي تۆكۈلەتتى.

شۇۋا 30- يىلى 12- ئايدا، تۈگمەس بالالاردىن ۋە ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ ياپونىيىگە قايتىپ كەتكەن بولساممۇ، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ لەنجۇ شەھرىدە ئېرىم ئوسمان ۋە ئۈچ بالام قالغانىدى. ئۇلاردىن تىرىك ئايرىلىش قايغۇسى كۆپ يىللاردىن بېرى يۈرىكىمنى ئۆرتەپ كەلگەچكە، بېيجىڭدا ياشاۋاتقان ئېنىكئانىنىغا، جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە، قىزىل كرېست جەمئىيىتىگە بىرقانچە قېتىم خەت يېزىپ، باللىرىمنىڭ ئىز-دېرىكىنى تېپىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەنىدىم. شۇنداق قىلىپ بىر كۈنى بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم. ئوقۇپ باقسام، ئىنىكئانىنىڭ خېتى ئىكەن.

«خېنىم! ساق- سالامەت تۇرۇۋاتقانسىز دەپ ئويلايمەن. قىزىل كىرېست جەمئىيىتىنىڭ ياردىمىدە باللىرىڭىزنىڭ خەۋىرىنى تاپتىم. ئۈچ بالىڭىز ئۈرۈمچىدە ئامان- ئېسەن تۇرۇۋېتىپتۇ. قىزىل كىرېست جەمئىيىتىنىڭ ئادىمى بېرىپ تارتىپ كەلگەن رەسىمنى ئەۋەتتىم، باللىرىڭىزنى بېيجىڭغا ئېلىپ كېلىش مەسىلىسى ھەل بولسىلا، سىزنىڭ تەلىپىڭىز بويىچە، مەن يەنىلا بۇرۇنقىدەك باللىرىڭىزنىڭ خىزمىتىدە بولىمەن، خاتىرجەم بولغايسىز»

كونۋېرت ئىچىدىن بىر پارچە رەسىم ئۇچۇپ چۈشتى. دۆڭنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ئۈچ بالىنىڭ چاقناپ تۇرغان چىرايىنى كۆردۈم.

بۇلار 1949- يىلى (شۇۋا 24- يىلى) مەندىن ئايرىلىپ قالغان باللىرىممىدۇ؟ بىردەمنىڭ ئىچىدىلا كۆزلىرىمنى ياش قاپلاپ، رەسىمنى كۆرەلمەي قالدىم.

بېيجىڭغا باراي، باللىرىم بىلەن كۆرۈشەي، مۇبادا ماڭا يەنە قايتىدىن باللىرىمنى باغرىمغا بېسىپ قۇچاقلاش نېسىپ بولسا، مەن ئۇچۇن يەنە ئارمان قىلىدىغان نەرسە قالمىغان بولار ئىدى.

مەن شۇ ھامان، بېيجىڭ شەھەر باشلىقى يولداش پېڭ جېڭغا باللىرىمنى كۆرۈش ئۈچۈن جۇڭگوغا كىرىش رۇخسىتىمنى بېجىرىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىپ خەت يازدىم.

بۇ بەلكىم ناھايىتىمۇ مۇشكۈلدۇر. بىراق ئىنىكئاننىڭ خېتى ماڭا ئۈمىد بېغىشلىغانىدى.

شۇۋا 32- يىلى 10- ئايدا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ چېگرىدىن كىرىش رۇخسىتىمنى تاپشۇرۇۋالدىم ۋە شۇ يىلى 12- ئايدا ئالدىراپ- تېنەپ، يوكوخاما پورتىدىن دىنماكودا ياسالغان جىنلى جېيسىن ناملىق پاراخوتقا ئولتۇرۇپ، يەنە بىر قېتىم بېيجىڭغا قاراپ يولغا چىققان ئىدىم.

ئازاب - ئوقۇبەتكە بەرداشلىق بېرىش

- چوڭ بولۇپ كېتىپسىلەرغۇ، نەچچىگە كىردىڭلار؟ - مەن ھاياجىنىمنى بېسىپ، باللىرىمنى قۇچاقلىغىنىمچە سورىدىم. ئايشە تارتىنىپ تۇرۇپ:

- دادىمىز، ئاپىمىز ئىككىسىلا يېنىمىزدا بولمىغاچقا، قاچان تۇغۇلغىنىمىز ۋە نەچچىگە كىرگىنىمىز- نىمۇ بىلمەيمىز - دەپ جاۋاب بەردى.

بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ، يۈرىكىم موجۇلدى.

- مەن باشلانغۇچنى دارىلئېتامدا ئوقۇدۇم، تولۇقسىز ئوتتۇرىغا كۆچكەندە ئۈرۈمچى شەھەرلىك 2- قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىگە بۆلۈندۈم، ھازىر تولۇقسىزنىڭ 2- يىللىقىدا ئوقۇۋاتىمەن. مۇزەپپەر پېداگوگىكا شۆبە ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ 1- يىللىقىدا، مىنەۋەر دارىلئېتامدا باشلانغۇچتا ئوقۇۋاتىدۇ، - دېدى ئايشە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ.

يېتىم دەپ ئاتالغان باللىرىم ھۆكۈمەتنىڭ ئىلتىپاتىدا ساغلام ئۆسۈپ چوڭ بوپتۇ.

باللىرىم بىلەن سۆزلەشكەندە، ئايشە بىلەن مۇزەپپەرگە ئۇيغۇرچە، مىنەۋەرگە خەنزۇچە سۆزلىدىم. كەنجىتاي مىنەۋەر چىرايلىق خەنزۇچە خېتى بىلەن مېنى ھەيران قالدۇردى.

خېلى ۋاقىت ئۆتتى، باللىرىم كۆپ نەرسىلەرنى سۆزلەپ كەتمىسىمۇ، بىراق سۆز ئارىسىدىن يولدىشىم ئوسماننىڭ كوممۇنىستلار ئارمىيىسى لەنجۇغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندە قارشى مەيداندا تۇرغانلىقىنى، بىر كۈنى باللارنى تاشلاپ ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىچە قايتىپ كەلمىگىنىنى بىلدىم.

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن، باللار ئوسماننىڭ 6- ئايالى پاتىمەنىڭ قولىغا قاپتۇ.

- دادام يوقاپ كەتكەندىن كېيىن، بىر كۈنى قوشنىلاردىن بىرى «ئاپاڭلار سىلەرنى ئالغىلى كېلىدىكەن» دېۋىدى، كۈندە يولغا قارايدىغان بولدۇق. بىراق سىز كەلمىدىڭىز، دېمەك بىزنى ئالداپتۇ دەپ ئويلىدۇق.

- مۇشۇنداق قىلىپ نۇرغۇن ۋاقىتلار ئۆتۈپ كەتتى. بىز قىشتا ئوچاقنىڭ كۈلىدە ئىسسىنىپ، يازدا سامان ئۈستىدە ئۇخلاپ كۈن ئۆتكۈزدۇق. قاچانمۇ دادىمىز، ئاپىمىز كېلەر، ئىسسىق شورپا ئىچكۈزۈپ

قورسقىمىزنى تويغۇزىدىغان كۈنلەر كېلەر دەپ تەقەززا بولاتتۇق ۋە يەكپاي ئاياق، ئاشقان كىيىملەرنى كىيىمەيدىغان كۈنلەرنى ئارزۇ قىلاتتۇق.

مىنەۋەر تېخىچىلا ئۈنچىقمايتتى، ئۇ يېتىرقاپ تۇراتتى.

ـ دادىمىزنى، ئاپىمىزنى ئەسلەپ باقايلى دېسەكمۇ ئېسىمىزگە ئالالمايتتۇق. دارىلتامدىكىلەرنىڭ دادىسىمۇ، ئاپىسىمۇ يوق بولغاچقا، دارىلتام باشلىقى بىزگە: «داداڭلار ماۋجۇشى، ئاپاڭلار يېڭى جۇڭگو» دەپ ئۆگەتكەنتى.

ـ 1953ـ يىلى دادامنىڭ ئىنىسى لەنجۇغا كېلىپ بىزنى ئېلىپ ماڭدى. ئۈرۈمچىگە كېلىپ دارىلتامغا تاپشۇرۇپ بەردى. شۇنىڭدىن بېرى ئۈچىمىز بىللە بولدۇق.

ئاخىر ئايشە، مۇزەپپەر دارىلتامدا باشلانغۇچنى تۈگىتىپتۇ، ئايشە شەھەرلىك 2ـ قىزلار مەكتىپىگە، مۇزەپپەر پىداگوگىكا شۆبە مەكتىپىگە كىرىپتۇ. ئىككىسىلا ياتاقتا يېتىپ ئوقۇپتۇ.

بالىلىرىمنىڭ يۈرەكنى ئېزىدىغان سۆزلىرى تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

مەن ئۈچ بالامنىڭ گەرچە تېخى سەبى گۆدەك بولسىمۇ بىر ـ بىرىگە يار ـ يۆلەك بولۇپ چىداپ ياشاپ كەلگەنلىكىدەك بۇ ھەقىقەت ئالدىدا بېشىمنى ئەگدىم، بالىلىرىم ھەرگىزمۇ مەندىن نەپرەتلەنمىدى، ئۇلار تېخى كىچىك، بىر ـ بىر نەرسىنى چۈشەنگىدەكمۇ ئەمەس. مەن شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئاتا ـ ئانا بالىلار ئۈچۈن ئەبىدى ئىشەنچ ۋە چوڭقۇر مۇھەببەتنىڭ مەنبەلى ئىكەن.

باھارنىڭ ئىللىق شامىلى چىقىۋاتقان بىر كۈنى ئۈچ بالامنى يېتىلەپ، بۇنىڭدىن 18 يىل بۇرۇن ئوسمان بىلەن بىللە بارغان ۋەنشۇشەن، زىجىنچىڭ، جۇڭشەن باغچىسى، بېخەي باغچىسى ۋە تيەنتەنگە ئوينىغىلى باردۇق. كۆلدە قېيىقلار ئۈزۈپ يۈرەتتى.

ئۈچ بالامنىڭ چىرايى بەختتىن پارلاپ كەتكەنىدى، بىراق بۇ ھال مېنىڭ يۈرىكىمنى موجۇپ ئاغرىتاتتى.

يېقىندا ئوسماننىڭ قەشقەردىكى زېمىنى كوللېكتىپ ئىگىلىكىگە ئۆتۈپتۇ، ناھايىتى ئاز بىر قىسمى بالىلارغا بۆلۈپ بېرىلىپتۇ. ئەمدى بالىلارنىڭ مۇندىن كېيىنكى تۇرمۇشى، ئوقۇش خىراجىتى ئۈستىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلار تۇغۇلغان بولسا كېرەك. بالىلىرىمنىڭ بەختسىز سەرسان تۇرمۇشىغا خاتىمە بېرىلگەندۇ دەپ خاتىرجەممۇ بولدۇم. بىراق، مەن بالىلىرىم بىلەن بىللە ياشىيالمايتتىم، ياپونىيىگە قايتىپ كەتمىسەم بولمايتتى، ياپونىيە پاسپورتى ۋە قىسقا مۇددەتلىك تۇغقان يوقلاش رەسمىيىتى بىلەنلا كەلگەن ئىدىم، ئىشلار مەن ئويلىغاندەك بولمىدى. شۇنداق قىلىپ بۇنىڭدىن كېيىن بەختىيار ياشاپ كېتىشى مۇمكىن بولغان بالىلىرىمنى فاتىماغا تاپشۇردۇم ۋە يەنە كېلىدىغانلىقىمغا يېنىشلاپ ۋەدە بېرىپ، شۇۋا 32ـ يىلىنىڭ كۈز پەسلى چەكسىز ئەلەم ۋە دەرت ـ ھەسرەت ئىچىدە بېيجىڭدىن ئايرىلدىم.

يوكوخاماغا ماڭىدىغان گوللاندىيەنىڭ ئاننىن كوروككۇ پاراخوتىغا چۈشتۇم. مەن بالىلىرىمدىن بارا ـ بارا يىراقلىشىۋاتىمەن. ھىجران ئازابى ئىچىدە بەخباش قىز چاغلىرىمدىن باشلانغان بەختسىز پاجىئەلىك تەقدىرىم ۋە كەچۈرمىشلىرىم كۆز ئالدىمدىن بىرمۇ ـ بىر ئۆتۈشكە باشلىدى.

## تۇنجى مۇھەببەت

### جەزىبىلىك ئەرەب پادىشاھى

دەسلەپكى ياز ئايلىرىنىڭ ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن دادام بىلەن سىرتقا چىقماقچى بولدۇق. نەگە بارىدىغانلىقىمىزنى ياخشى بىلمەمەن. مېنى بىر قانچە قېتىم ئەگەشتۈرۈپ ئاپارغان توكيو تۆمۈر يول مېھمانخانىسىغا بېرىشىمىز مۇمكىن.

بۈگۈن دادامنىڭ كەيپىياتى بەكمۇ ياخشى، مېنى ئالدىرىتىپ كىيىم ئالماشتۇرغۇزدى، ئۆزى مەندىن بۇرۇن ماشىنىغا چىقىپ ئولتۇرۇۋالغانىدى. مەن يوپكامنىڭ ئېتەكلىرىنى لەپىلدىتىپ ماشىنىغا يېقىنلاشـ

قاندا دادام كۇلۇمسىرەپ ئىشىكنى ئېچىپ بەردى. دادامنىڭ شۇ چاغدىكى نۇرلىنىپ تۇرغان چىرايىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتىم.

قىزىل خىشلىق بىنا ـ توكيو ۋوگزالى بوشلۇقتا بەئەينى سۇمرۇغ چىرايلىق قاناتلىرىنى كېرىپ مەغرۇر قامىتىنى كۆرسىتىۋاتقاندەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. 2 ـ قەۋەت دادام خىزمەت قىلىدىغان تۆمۈر يول مېھمانخانىسى ئىدى. بىز ماشىنىدىن چۈشۈپ، ئوتتۇرىدىكى ئىشىكتىن كىرىپ ئۇدۇل 2 ـ قەۋەتكە چىقتۇق.

دادام بۇگۈنمۇ «قارالى، مېنىڭ مۇشۇنچىلىك چوڭ بولغان قىزىم بارغۇ» دېگەن پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن كۇلۇمسىرەپ مېنى مېھمانغا تونۇشتۇرۇشى مۇمكىن. بۇ دادامنىڭ ئادىتى. مەن بۇگۈن قانداق مېھماننى ئۇچرىتارمەن دېگەن ھاياجان ئىچىدە دادامغا ئەگىشىپ ماڭدىم.

دادام ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرمەستىن، ئۇدۇل مېھمانخانىنىڭ مەركىزىي قوبۇلخانىسىغا كىردى، ئۇيەدە 7 ـ 8 كىشى چاي ئىچىشىپ، كۇلۇشۇپ پاراڭلىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرسى بىزنى كۆرۈپلا، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلدى.

ـ ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ پاشا ! بۇ مېنىڭ قىزىم، ـ دەپ مېنى تونۇشتۇردى دادام راۋان ئېنگلىز تىلىدا.

ـ ۋاي، ناھايىتىمۇ ئۇماق قىزىڭىز باركەنغۇ، ـ دەپ ھېلىقى كىشى مېنىڭ قوللىرىمنى تۇتۇپ لېۋىنى ئاستا تەككۇزدى.

بۇ كىشىنىڭ ئىسمى. فامىلىسى پاشا ئەھمەد شىرىپ ئىكەن. ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭ چىرايى، تىنىق كۆلدەك چوڭقۇر قارا كۆزلىرى، قويۇق قارا بۇدرە چاچلىرى، ئەينەكتەك پارقىراپ تۇرغان ئۇزۇن تىرناقلىرى، كىيىنىشكەن تەقلى. تۇرقى شۇئان مېنىڭدە كۇچلۇك قىزىقىش ئويغاتتى. ئۇنىڭ كىيىنىشكەن قەددى ـ قامىتى، چىرايىدىكى جىلۋە كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى.

ئاڭلىشىمچە، بۇ ئەرەب 1 ـ جاھان ئۇرۇشىدا گېرمانىيە، تۈركىيە تەرەپتە تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇرۇشتىن كېيىن تەختتىن ئايرىلىپ فرانسىيىگە پاناھلىق ئىزلەپ بارغان ئەرەپ پادشاھى ئىكەن. فرانسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ، قايتىدىن باش كۆتۈرۈش نىيىتىدە دۆلەتمۇ دۆلەت ئارىلاپ، ئاخىرى بۇ يەرگە ـ ياپونىيىگە كېلىپ ئورۇنلىشىپتۇ ۋە شىمالىي ياۋروپالىق بىر گوزەلگە ئۆيلىنىپ، ئوساكاكوبىغا يېقىن ئاشىيا دېگەن يەردە ھەشەمەتلىك ساراي سالدۇرۇپ، شۇ يەرگە ئورۇنلىشىپتۇ، ئۆزى دائىم توكيوغا كېلىپ دادامنىڭ مېھمانخانىسىدا تۇرۇپ، سىياسىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارىدىكەن. دېمەك ئارمىيىسىدىكى گىراف ئوگاساۋارا پاشانىڭ قۇدرەتلىك يۆلەنچۈكى ئىكەن.

شۇ چاغلاردا دادام توكيو تۆمۈر يول مېھمانخانىسى، توۋادا سايامەتچىلەر مېھمانخانىسى، نارا مېھمانخانىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا باشقۇرغۇچى، ئالاقىلاشقۇچى كەسپىي خادىم ئىدى. دادام شەرقىي ئاسىيا پەرەس بولۇپ، ئائىلىگە بەكمۇ قاتتىق قول ئىدى. مەن باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەندىلا رەھىمسىز سپارتا تەربىيىسىنى قوبۇل قىلدىم. دادام مېيجى دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئېسىلزادىلەر تەلىم ـ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغاچقا، دائىم سىياسىي كۆز قاراش نەزەرىيىسىنى تەرغىپ قىلاتتى، ئاپاممۇ مېيجى دەۋرىنىڭ ئاخىرقى چاغلىرىدىكى ئەڭ يېڭى ئالىي مائارىپ تەلىم ـ تەربىيەسىنى قوبۇل قىلغاچقا، دادامغا ئوخشاش سىياسىي كۆز قاراشلار بويىچە دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئەھۋاللىرى ئۈستىدە تەنقىدىي پىكىر يۈرگۈزەتتى. دادام، ئاپام مېنىڭ ئەقلىمنىڭ توشقان ـ توشمىغانلىقىنى ئويلاشماستىنلا قەدىمكى، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ۋە ھازىرقى دەۋردىكى ئېسىلزادىلەر سىياسىتىنى، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى چۆچەك سۆزلىگەندەك ئېيتىپ بېرەتتى.

دادام ئۇيەدە يوق ۋاقىتتا يوشۇرۇنچە ئىنقىلاب تارىخى كىتابلىرىنى ئوقۇيتتۇم، ئوقىغانسېرى قايمۇقاتتىم، ئىشقىلىپ ئىنقىلابنىڭ بەكمۇ خەتەرلىك نەرسىلىكىنى ھېس قىلىپ، تىترەپ كېتەتتىم. ئاخىر

بىر كۈنى بۇ كىتابلارنى ئوقۇپ بىر نېمە چۈشىنەلمەي، زېرىكىشكە باشلىدىم، سەۋەبسىزلا دادامنىڭ سۈرلۈك ئىش ئۈستەلىنىڭ تارتىمىسىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدىم ۋە بىر رەسىمنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ جۇڭگوچە كېيىنگەن سوزۇق يۈزلۈك بىر قىزنىڭ رەسىمى ئىدى. كەينىگە «خاتىرە ئۈچۈن، كاۋاجىما خوكو» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئايلار ئۆتۈپ كەتتى، بىر كۈنى دادام تېلېفون بېرىپ مېنى چاقىرتتى. تۆمۈر يول مېھمانخانىسىنىڭ مېھمان كۈتۈش زالىغا كىردىم. ئۇ يەرگە ھەر نۆۋەتتىكىدەك دادامنىڭ ئۇلپەتلىرى يىغىلغانىدى، بىردىنلا ھېلىقى رەسىمدە كۆرگەن كاۋاجىماخوكو خانىمنى كۆرۈپ قالدىم. كۆز ئالدىمدا تۇرغان بۇ ئىنساننىڭ گۈزەل ياكى سەتلىكى، ئىجتىمائىي ئىقتىدارىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم. پەقەت ئەرلەرنىڭ بىلىكىنى قىلچە تارتىنمايلا تۇتالايدىغان جۈرئەتلىكلىكى سەۋەبىدىنمۇ باشقىلارنى ئوڭايلا ئۆزىگە جەلب قىلالايدىغان جەزبىسى بارلىقىنى ھەۋەس ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە تاماشا قىلدىم، لېكىن نېمىشقىدۇر قەلبىمدە ئۇ قىزنى يامان كۆرۈش تۇيغۇسى باش كۆتۈردى، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مەن خوكو خېنىمنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ياخشى كۆرەلمىدىم. بۇ مېنىڭ مىجەزىمنىڭ غەيرىيلىكىدىن بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن.

مەكتەپتىمۇ ئوقۇتقۇچۇم مېنى غەلىتە قىز دەپ قارايتتى. ساۋاقداشلىرىممۇ مېنى قانداقتۇر غەيرىي ئادەم دەپ ئويلىشاتتى. چۈنكى مەن ئوقۇۋاتقان توكيو قىزلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى تاناخاسى خانىم «ياخشى ئايال، ئەقىللىق ئانا» تەربىيىسىنى، كوڭزى تەلىماتى ئاساسىدىكى فېئودالىزملىق پەندى - نەسىھەتلەرنى تەرغىب قىلاتتى. سىنىپقا ئېسىلزادىلەر سوۋغا قىلغان كىيىملەرنى كۆز- كۆز قىلىپ كىيىپ كىرەتتى ۋە شاھزادە- خانىشلارنىڭ مەكتەپكە زىيارەتكە كېلىشى قاتارلىق پاراڭلارنى قىلىشقا بەكمۇ ئامراق ئىدى. مەن بولسام مۇنداق پاراڭلارغا زادىلا قىزىقمايتتىم. شۇڭا ھازىرقى بولۇۋاتقان ئىشلارنى، سىياسەتكە ئائىت مەسىلىلەرنى سۆزلەپ بېرىدىغان كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىشنى خالايتتىم. دادامنىڭ «سىپارتا تەربىيىسى»، مەكتەپنىڭ گۈزەل ئەخلاق تەربىيىسى قاتارلىقلار مېنى زادىلا قانائەتلەندۈرەلمەيتتى.

## غايەمدىكى كىشى - پاشا

ئەنە شۇنداق قانائەتسىزلىك ئىچىدە ياشاۋاتقان مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، پاشانىڭ پەيدا بولۇشى خۇددى مۆجىزىدەك بىر ئىش ئىدى. ئۇ مەن ئىنتىلىۋاتقان، ماڭا چۈشىنىكسىز بولغان دۇنيانىڭ سىرىنى ئېچىپ بەرگۈچى ۋە مېنىڭ خىياللىرىمنى ئەمەلىيەتتە ئايلاندۇرغۇچى كىشى بولۇپ قالدى.

پاشا بىلەن تونۇشلۇقىمىز بارغانسېرى قويۇقلاشتى. ئۇ ھەر قېتىم توكيوغا كەلگەندە مېنى كىنوغا، مۇزىكا كېچىلىكىگە تەكلىپ قىلاتتى. ھەتتا ساياھەتلەرگىمۇ بىللە ئېلىپ باراتتى. بۇلار مېنىڭ قەلبىمنى قانچىلىك دەرىجىدە شاتلاندۇرىدىغىنىنى ئېيتىپ بېرەلمەيمەن.

مەن ئېنگلىزچىنى راۋان سۆزلىيەلمىگەچكىمۇ، ئارىمىزدا بىر توسۇق باردەك ھېس قىلاتتىم. ئۇ پەس ئاۋازدا مېنى چۈشەنسۇن دەپ ئاستا دانە - دانە قىلىپ ئېنگلىزچە سۆزلەيتتى، مەن سەللا بىلەلمەي قالسام، خەت بىلەن يېزىپ كۆرسىتەتتى، يەنىلا چۈشەنمىگەندەك بىر ئىپادىنى سەزسە، قولۇمنى تۇتۇپ ئالقىنىمغا يېنىككىنە ئۇرۇپ قوياتتى. بۇ چاغدا مەن بەكمۇ خىجىللىق ھېس قىلاتتىم - دە، بېشىمنى كۆتۈرەلمەي قالاتتىم. ئۇ يەنە سەۋرچانلىق بىلەن باشتىن سۆزلەشكە باشلايتتى. بارا - بارا مەن پەرىشانلىق ئىچىدە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى چۈشىنىدىغان بولدۇم، بۇ ھال مېنىڭ ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى يېقىن ھېس قىلىشىمنى تېخىمۇ ئارتتۇراتتى. مەن دائىم كۆزلىرىمنى قاچۇرۇپ ئۇنىڭ يۇمشاق، نازۇك بارماقلىرىغا قارىۋالاتتىم. ئارىمىزدىكى سۈكۈت مېنىڭ يۈرىكىمدە غەلىتە دولقۇن قوزغايتتى.

- سىز مېنىڭ كۆزۈم بىلەن بارمىقىمدىن باشقىنى كۆرمەيسىز ھە؟ - دېدى ئۇ تەمكىن ئاۋازدا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

مەن تەنبىھ يېگەن بالىدەك ھودۇقۇپ:
— سىزنىڭ كۆزىڭىزدىن خۇدانىڭ يازمىشى ۋە بەختىمنى كۆرەلەيمەنمىكىن دېگەن خىيالىم بار. تىرناقلىرىڭىزنى بولسا ياراتقۇچى تەقدىم قىلغان ئەڭ نەپىس قىممەتلىك سەنئەت بۇيۇمى دەپ ئويلايمەن، — دەپ ئىشەنچىسىز جاۋاب بەردىم. ئۇ بىردىنلا مېنىڭ قولۇمنى ئىككى قولىدا چىڭ قىسىپ تۇرۇپ:
— سىز ماڭا شېئىر ئوقۇپ بېرىۋاتىسىز. ھە! بۇ مەندەك بىر بەختسىزگە بېرىلگەن تەسەللى ئەمەسمۇ؟ بىراق مېنىڭ ئۈچۈن بۇ ئالەمدە سىزدىن باشقا ھېچكىم يوق، — دېدى.
ئۇنىڭ ئاۋازى يالقۇنلۇق، كۆزلىرى ھاياجاندىن نەملەنگەنىدى. مەن گويا خاتالىق سادىر قىلغاندەك تىنچسىز كەيپىياتتا ھەسرەت بىلەن يەرگە قارىۋالدىم. شۇ چاغدا پاشا تۇيۇقسىز ماڭا تېخىمۇ يېقىنلاشتى. قوللىرى بىلەن يۈزۈمنى تۇتۇپ كۆزلىرىمگە تىكىلدى. ئۇنىڭ چىرايلىق كۆز قارچۇقلىرى شۇ تاپتىلا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئېيتىپ بولدى. پاشا! مېنىڭ ياخشى كۆرگەن ئادىمىم! يۈرىكىم چۇقان سالاتتى، مەن كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم. كۆزلىرىمگە يۇمران لەۋلىرىنىڭ تەگكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

## قۇرئاننى سۆيۈش

بىر كۈنى مەن مېھمانخانىغا كېلىپ پاشانىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىردىم. ئەرەبلەرنىڭ ئۇزۇن ئاق كىيىمىنى كىيگەن پاشا دېرىزىگە يۆلىنىپ چوڭقۇر خىياللارغا چۆمگەن ھالدا تۇراتتى. قاتتىق بىر ھەسرەت پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چۇلغاپ ئالغانلىقى چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ يۈرەك - باغرىم تىلىملانغاندەك بىر نادامەت ھېس قىلدىم.
مۇبادا پاشا مۇشۇنىڭ بىلەن مېنىڭ كۆز ئالدىمدىن غايىپ بولسا، مەن قانداق ياشىيالايمەن. پاشا مېنىڭ قەلبىمنى تامامەن ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ بولدى. سۆيۈملۈك پاشا، ھەسرەتلىك چىرايىڭىزنى ماڭا كۆرسەتمىسىڭىز،... يوغان بىر پارچە نەرسە گېلىمغا تۇرۇپ قالغاندەك قىيىنىلاتتىم. نېمە قىلارىمنى بىلمەي تۇرغان بۇ پەيتتە بىردىنلا ئويلىمىغان يەردىن ئاغزىمدىن:
— پاشا، مېنى ئەرەب ئېلىگە ئالغاچ كېتىڭ، مىسىرغا بولسىمۇ مەيلى، — دېگەن سۆزلەر چىقىپ كەتتى.
پاشا تېز ئۆرۈلدى، ئۇنىڭ چىرايىدا گاراڭلىق بار ئىدى.
— يەنە بىر قېتىم، ھازىرقى سۆزىڭىزنى يەنە بىر قېتىم ئېيتىڭىز، — دېدى.
— پاشا، ئۆتۈنۈمەن، مېنى بىللە ئېلىپ كېتىڭ!
— راستمۇ، راسلا مۇشۇ خىيالدىمۇسىز؟ سىزدەك يېقىملىق بىر قىزنىڭ ئاغزىدىن مۇشۇنداق ئۆتۈنۈشنى ئاڭلاش — ھە... راسلا بىللە كېتەي دەپ ئويلامسىز؟
— ئۆتۈنۈمەن، بىللە ئېلىپ كېتىڭ!
— بىر دىندا بولساق ئىدۇق كاشكى، يات دىندىكى بىر ئىنساننىڭ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا كۆنۈشى تەس — دە.
ئىسلام دىنىنىڭ قانداق ئادەت ۋە قانۇنلىرى باركىن، بۇنى بىلمەيمەن. مۇبادا مەنمۇ ئىسلام دىنىنىڭ مۇرىتى بولغان بولسامچۇ؟ مۇشۇ خىيال كاللامدا لاپ قىلىپ چاقناپ ئۆتتى.
— ئىسلام دىنىغا كىرىشكە رازىمەن، سىز بىلەن بىللە كېتىش مۇمكىن بولسىلا، مەن سىزنىڭ دىنىڭىزغا كىرىمەن.
پاشا مېنىڭ قولۇمنى ئۆزىنىڭ كۆكسىگە بېسىپ، كۆزلىرىمگە تىكىلىپ قاراپ، نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاشقا باشلىدى. ئۇ بېشىنى لىڭشىتسا مەنمۇ تەڭ لىڭشىتتىم. سۈكۈت ئىچىدە ئۇ مېنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى ۋە خۇددى چۈشۈمدىكىدەك چىرايلىق ئاھاڭدا ئوقۇلۇۋاتقان قۇرئان سۈرىسى قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە ياڭرىدى.
سۈرىنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۇ ھۆرمەت، رەسمىيەت بىلەن جىددىي ھالدا تۆۋەندىكى

سۆزلەرنى قىلدى:

— سىز بىر دۆلەتنىڭ خانىشى بولۇشىڭىز مۇمكىن.

بۇ سۆز خۇددى توك تەپكەندەك پۈتۈن بەدىنىمنى زىلزىلىگە سالدى. يېقىملىق مۇزىكىدىن مەس بولغاندەك، روھىممۇ خىيال ئاسمىنىدا ئۇچۇپ يۈرگەندەك بولدۇم.

مەن ئىسلام دىنىغا كىردىم. تاھارەت ئېلىپ، پاشا بىلەن بىللە مەككە تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇدۇم ۋە قۇرئاننىڭ ۋاراقلىرىنى سۆيدۈم.

شۇنىڭدىن كېيىن پاشا مېنى «مېنىڭ سۆيۈملۈك خانىشىم» دەپ ئاتاشقا باشلىدى.

— قۇرۇقلۇقتىكى ئۆزگىرىشلەر باشلىنىپ ئىككى يىل بولاي دېگەن چاغدا، توكيودىكى يامانوتې رايونىدا ھەيۋەتلىك مەسچىت بىناسى پۈتتى. بۇ مەسچىت ساپ تۈرك پاسونىدىكى ئىمارەت ئىدى، زالىنىڭ ئۈستى يۇمىلاق شەكىلدە بولۇپ، شەرقىتىكى ئىشىكىدە ئۈچلۈق مۇنار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

ئەينى ۋاقىتتا ياپونىيىدە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان تەبىقە ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە - قانۇنلىرىنى ئۆزىگە پرىنسىپ قىلىپ دۆلەت باشقۇرۇشنى ۋە شۇ ئارقىلىق پۈتۈن دۇنيادىكى ئىسلام ئەھلى بىلەن ئىتتىپاقلىشىشنى لايىق تاپقانىدى. ياپونىيە جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىغا قولىنى سوزغاندا، ئىسلام دىنىنىڭ ئەۋزەل تەرەپلىرىگە كۆز سالغانىدى. ياپونىيە غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇشتىمۇ ياپونىيە، جۇڭگو، موڭغۇل، مانجۇلار بىلەن بىرلىشىشتىن تاشقىرى، مۇستەقىل ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئارىسىدا تۇرۇشنى ئۈمىد قىلاتتى. ياپونىيە يەنە، قۇدرەتلىك شەرقىي ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇق بىرلەشمە گەۋدىسى تەشكىل قىلىش لازىم، دەپ ھېسابلايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاسىيادىكى ئىسلام دۆلەتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىش، ياردەم بېرىش، سودا كېلىشىمى تۈزۈش قاتارلىق سىياسەتلەرنى قوللانغانىدى. شۇ سەۋەبتىن ئىسلام دۆلەتلىرى بىلەن ئالاقە كۈچەيگەن، بۇنىڭ ئىچىدە بايلىقى مول، تۇپرىقى مۇنبەت، زېمىنى كەڭ شىنجاڭ تېخىمۇ مۇھىم ئورۇن دەپ قارالغانىدى.

5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق ئىدى. مەن پاشا بىلەن قىلغان ۋەدىگە ئاساسەن كۆرۈشكىلى مەسچىتكە باردىم. ئۈستۈمگە ئەرەب ئاياللىرىدەك قارا پەرەنجە يېپىنغانىدىم. مەسچىت ئالدىدا ئونلىغان تاكسى ۋە كىچىك ماشىنىلار توشۇپ كەتكەنىدى. تاتار، ھىندى، ئاۋغان، ئەرەب قاتارلىق مۇسۇلمانلار ئۆز مىللەت كىيىملىرىنى كىيىشكەن ھالدا يىغىلغانىدى. مەن ئۇلار بىلەن بىللە مەسچىتكە كىردىم، ئاياللار ناماز ئۆيى ئىككىنچى قەۋەتكە جايلاشقان بولغاچقا، مەن شۇ يەرگە چىقتىم، تۆۋەنگە قاراپ بىرىنچى قەۋەتتىكى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ناماز ئۈچۈن سەپ تۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. جامائەت ئىچىدە بۇ مۇبارەك كۈنگە تەكلىپ قىلىنغان يەمەن دۆلىتىنىڭ ئىككىنچى شاھزادىسى سەيپۇل ئىسلام ئەلى خۇسەيىن ۋە ئەرەب پادىشاھلىقىنىڭ ئەنگلىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى ھاپىزۋاھاپ پاشا باشلىق باشقا ئەرەب دۆلەت ئەلچىلىرىمۇ بار ئىدى. مەن جامائەت ئارىسىدىن سۆيۈملۈك پاشانىڭ قامەتلىك گەۋدىسىنى تونۇۋالدىم. ئۇ بېشىغا ئاق ئىپەكتىن چىرايلىق قىلىپ سەللە ئورىغانىدى ۋە سەللىگە ياقۇتتىن كۆز قويغانىدى. ئۇ بۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ سۈلەتلىك كۆرۈنەتتى. تۇنجى ناماز مۇراسىمىدا مەن خېلى كۆپ كىشىلەر بىلەن تونۇشۇپ قالدىم، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياپونىيىلىك كىشىلەردىن مەككىگە ھەج تاۋاب قىلىشقا بارغان سىزىكى ئەپەندى ۋە مائې جىما ئەپەندىلەر بار ئىدى، ئۇلاردىن باشقا ياپون ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نوپۇزلۇق ئەربابى خاياشى گېنېرال بىلەنمۇ تونۇشتۇم، ئۇلاردىن ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن بىلىملەرنى ئىگىلىدىم.

## ئازابلىق ئايرىلىش

يېڭى يىل كىردى، قەلبىمدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان پاشا ھەققىدىكى خىياللار مېنى ئازابلايتتى. ئۇ كوبې شەھىرىگە كەتكەندە، مەن ئۆزۈمنى باسالمايدىغان بىر خىل پىراق ئىچىدە قىينالدىم. جۇدالىق ئازابىنى كىمگە ئېيتىشنى بىلمەيتتىم. ئۇنىڭدىن بەزى - بەزىدە كېلىدىغان قېلىن - قېلىن خەتلەرنى تويماي ئوقۇيتتىم، يۈرىكىمگە ياقاتتىم، لەۋلىرىمگە يېقىپ سۆيەتتىم. شۇ ئارقىلىق سېغىنىش ئازابىنى باسماقچى

بولاتتىم.

ئاخىرى كۆڭلۈمدىكى ئادىمىمنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىدىم، بۇ خەۋەر مۇھەببەتلىك قەلبىمنى تېخىمۇ دولقۇنلىتىۋەتتى.

پاشا توكيوغا كەلگەن كۈنى تەقەززالىق ئىلكىدە دەسلەپ ئۇچراشقان مېھمانخانىغا باردىم. ئىشىكنى ئېچىش بىلەنلا پاشا دەپ توۋلىۋەتتىم، ئۇمۇ قوللىرىنى كەڭ ئېچىپ ئۈن - تىنسىز مېنى چىڭ قۇچاقلىدى. پاشانىڭ قۇچاقلىشى مېنى بەخت ئىلكىدە ھاياجانلاندۇردى. پاشا كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا قوللىرىمنى سۆيۈپ كەتتى ۋە مۇنداق دېدى:

— ئاللا سىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن، مېنىڭ كىچىككىنە خانىشىم، مېنىڭ سىزنى كوبىغا ئېلىپ بېرىپ، ئاتاقلىق مەسچىتنى كۆرسەتكۈم ۋە بۈگۈنكى بۇ خاتىرىنى قۇتلۇقلىغۇم كېلىۋاتىدۇ.

— پاشا، راستمۇ؟ — دېدىم مەن.

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن بەكمۇ خۇشال بولدۇم، پاشا بىلەن ساياھەت قىلىش ئىستىكى ئاللىقاچان كۆڭلۈمدە بولغاچقا، خىيال قۇشلىرىم قاناتلىنىپ كوبىغا ئۇچۇپ كەتتى. پاشا بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلغانلىقىمغا رازى بولغانلىقىنى كۈلۈمسىرىگەن كۆزلىرى بىلەن ئىپادىلىدى.

بىراق بىزنىڭ بۇ پىلانىمىز دادامنىڭ قاتتىق قارشىلىقى سەۋەبىدىن ئەمەلگە ئاشمىدى. مەن دادامنىڭ رۇخسەت قىلمىغانلىقىنى پاشاغا ئېيتقاندا، ئۇمۇ قاتتىق مەيۈسلەندى. مەن غېرىبسىنغان پاشانى ئۇزىتىپ، ئۆزۈم قېلىشقا مەجبۇر بولدۇم. پويىز ئىستانسىدا پويىزغا چىقىش ۋاقتىنى كۈتۈپ تۇرغان پاشا كۆزلىرىمگە غەمكىن تىكىلدى. مەن كۆزلىرىمدىكى ياشلارنى يوشۇرۇش ئۈچۈن يەرگە قارىۋالدىم. پاشا قولۇمنى تۇتۇپ، ئالقىنىمغا سوغۇق بىر نەرسىنى تۇتقۇزدى. يىراقلاپ كېتىۋاتقان پويىزنىڭ قارىسى كۆزدىن يۈتكىچە ئەس - ھوشۇمنى يوقىتىپ قاراپ قالدىم.

مەن چويۇن باغلانغاندەك ئېغىر ئاياغلىرىمنى ئاران يۆتكەپ كېتىۋېتىپ، قولۇمغا تۇتقۇزۇلغان نەرسىگە قارىدىم، ئۇ ھېلىقى ناماز كۈنىدە پاشانىڭ سەللىسىگە قادالغان دادۇردەك زەڭگەر زۇمرەت تاش ئىكەن.

ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە پاشادىن خەت - خەۋەر كەلمىدى. بىر كۈنى دادام مۇنداق دېدى:

— پاشا ياپونىيە ھۆكۈمىتىگە قارىغاندا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە بەكرەك ئىشىنىدىكەن، شۇڭا يوشۇرۇن ھالدا بايلىقىنى ئامېرىكا بانكىسىغا يۆتكەپتۇ. شۇ سەۋەبتىن ياپونىيىدىن كېتىشكە مەجبۇر بولغانىكەن.

شۇ كۈنلەردە پاشانى تونۇيدىغان ئادەملەردىن ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلدىم. ھېچكىم ئېنىق بىرنېمە دېيەلمىدى. مەلۇم بىر كىشى: «پاشا سىنگاپورغا كەتتى» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى. مەن ئۇنىڭدىن ئۈمىد ئۈزۈش قارارىغا كەلدىم.

## يېڭى تەقدىرنىڭ باشلىنىشى

### تاتار ئاقساقالىنىڭ ئىسىم قويۇشى

قىزلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسىنى قولۇمغا ئالغان كۈنى قەپەزدىن قۇتۇلغان قۇشتەك ئەركىنلىك سەزدىم، بوش ۋاقىتلىرىمدا خاياشى گېنېرال، مائې جىما ئەپەندى، سىزىكى ئەپەندىلەر بىلەن ئۇچراشتىم. شۇنداق قىلىپ، مېنىڭ ئىسلامغا بولغان ئېتىقادىم ۋە يات ئەلگە تەلپۈنۈش ھېسسىياتىم يۇقىرى پەللىگە يەتتى. مەلۇم بىر كۈنى مەن سىزىكى ئەپەندىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن يويوگىدا ئولتۇرۇشلۇق ئىبراھىم پاشانىڭ ئۆيىگە باردىم. ئۇ كىشى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدا ئۆرۈلگەن تاتار ھاكىمىيىتىنىڭ ياپونىيىدىن پانالىق تىلەپ كەلگەن خانلىرىدىن بىرسى ئىدى. ئۇ كىشى 19 يېشىدا خانلىق تەختكە

ئولتۇرغانىكەن. خان مۇلايىم هالدا قولۇمنى تۇتۇپ كۆرۈشتى ۋە ماڭا زەرىپلار بىلەن ئورالغان، تېشىغا ئامىنە دەپ يېزىلغان قەغەز بولاقنى ئۇزاتتى:

ـ ئامىنە ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىنىڭ مۇبارەك نامى. سېنىڭ ئىسمىڭمۇ ئامىنە بولسۇن.

مەن خۇشاللىق بىلەن قەغەز بولاقنى قولۇمغا ئالدىم، ئىبراھىم خان كۆزۈمگە تىكىلىپ تۇرۇپ قۇرئان سۈرىسىنى باشلىدى ۋە مېنىمۇ ئوقى دەپ ئىشارەت قىلدى. مەن دەرھال دىققەت بىلەن خاننىڭ ئاغزىغا قاراپ، ئاۋازىنىمۇ دوراپ سۈرىنى قىينىلىپ ئوقۇشقا باشلىدىم. خان مەمنۇن بولغان هالدا «ئامىنە خانىمنى ئاللا پاناهىدا ساقلىغاي» دېدى ۋە يەنە بىر قېتىم ماڭا قول ئۇزاتتى. مەن خاننىڭ ماڭا قىلغان تىلىكى ئۈچۈن خۇشال بولغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. دادام مېنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان بۇ خىل قىزغىنلىقىمنى قوللىمىدى، ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى:

ـ ياپونىيىدە قەدىمدىن تارتىپ بار بولغان ئۆز دىنىنى تاشلاپ، ئىسلام دىنىغا كىرىش دېگەن سۆز قاملاشمىغان گەپ، ئەگەر سەن ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ ئىسلام دىنىغا كىرسەڭ ۋە شۇ تۈپەيلى خەۋپ-خەتەرگە يولۇقساڭ، مەن بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈمگە ئالالمايمەن. خاياشى ۋە مايى جىمالارغۇ كۆپنى كۆرگەن ئادەملەر، بىراق ئۇلار سىياسەت بىلەن ئوينىشىۋاتىدۇ. خاياشى ئۇرۇشنىڭ دەسلىپىدە جۇڭگو چوڭ قورۇقلۇقىغا قاتىراپ يۈردى، دۇنيادىن بىخەۋەر سەندەك بىر ياش قىزنىڭ خەلقئارالىق گۇرۇھلارغا چېتىلىپ قېلىشىڭ چوڭ خاتالىق بولۇپ قالىدۇ.

دادام قاتتىق سۆزلەر بىلەن ماڭا تەنبىھ بەردى ۋە ئاپامغىمۇ قىزىڭنى ياخشى باشقۇرمىدىڭ دەپ ئاچچىقلاپ كايىپ كەتتى. لېكىن دادام تالانىڭ كىشىسى ئىدى. مەن ئاپامنىڭ كەڭ قورساق ۋە مېھرىبانلىقىدىن پايدىلىنىپ، دائىم سىرتقا چىقاتتىم ۋە مۇسۇلمانلار مەكتىپىگە، مەسچىتكە نامازغا باراتتىم، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى تەتقىقاتى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى قاتارلىقلارنى ئۆگىنىشكە، تەتقىق قىلىشقا قىزىقاتتىم.

## ئوسماننىڭ توي قىلىش تەكلىپىنى قوبۇلى

مەن گېنېرال خاياشىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشكە باشلىدىم. ھەپتىدە ئىككى قېتىم سانگۇ باشى بېكتىسىنىڭ ئالدىدىكى دۆڭلۈككە سېلىنغان كۆكۈش رەڭلىك غەربچە ئىمارەتكە قاتناپ تۇردۇم. بۇ يەر تۈركىستان ئېلىدىن پانالىق تىلەپ كەلگەن ئادەملەرنىڭ چۈشكەن جايى ئىدى. ئۇلارنىڭ يېتەكچىسى ئەرەب ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن سابىق قازىكالان ئىمىن داموللا ئىدى. ئۇ ياپون تىلىنى بىر ئېغىزمۇ بىلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پايدىلانغۇدەك لۇغەتمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭدىن ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىش ئىنتايىن تەسكە توختايتتى. سولدىن ئوڭغا ياكى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە يۆنەلگەن ياپون يېزىقىغا ئادەتلەنگەن كىشى ئۈچۈن ئوڭدىن سولغا يۆنەلگەن ئەرەب يېزىقىنى ئۆگىنىش ئاسان ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر تىلىنىڭ تاۋۇشىنى توغرا تەلەپپۇز قىلىش ماڭا بەكمۇ قىيىنغا چۈشتى. ھەرقانچە تىرىشساممۇ توغرا تەلەپپۇز قىلالمايتتىم.

بىر كۈنى مەن تىل ئۆگىنىشتە قىينالغانلىقىمنى ۋە يېقىنقى بەزى ئەھۋاللارنى ئېيتىش ئۈچۈن خاياشى ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ قوبۇلخانىسىغا كىردىم.

ئۇ مېنى كۆرۈپ گەپنى ئەگىتمەيلا:

ـ ئوسمان سىزگە ئۆيلىنىش پىكرىنى ئېيتتى، قانداق قارايسىز؟ ـ دېدى.

مەن كۈتۈلمىگەن بۇ سۆزدىن ئەجەپلەندىم.

ـ مەن تېخى كىچىككۇ، توي قىلىشنى ئويلىنىپمۇ باقمىدىم.

ـ شۇنداقمۇ تېخى.

ـ ئۇنىڭ ئۈستىگە، چەت دۆلەتلىك بىر ئادەم بىلەن نىكاھلىنىشنى زادىلا ئويلاپ باقماپتىمەن.

ـ ئوسمان سىز بىلەن پاراڭلىشىپ باققانمۇ؟

— ياق، پاراڭلاشمىدۇق، بىر- ئىككى قېتىملا كۆرۈشتۇق، بۇ بىر ئۇقۇشماسلىق بولمىسۇن- يەنە.

— شۇنداقمۇ، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۇ.

خاياشى ئەپەندى بېشىنى سىڭايان قىلىپ بىردەم تۇردى- دە، گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى.

— ھە راس، سىزنىڭ جۇڭگو چوڭ قۇرۇلتىيىغا بېرىش ئارزۇيىڭىز يوقمۇ؟

— بارغىم بار، بىراق ئۆيدىكىلەر ئۇنىمايدۇ.

— سىز بالىلارنىڭ ئۈچىنچىسى، سىزدىن چوڭ ئاكىڭىز بار بولغاندىن كېيىن، ئارىدىن بىرەرىڭلار كەم بولۇپ قالساڭلار، ئۇنچىۋالا چوڭ ئىش بولۇپ كەتمەس. ھازىرقى ياشلار ھېچكىمدىن سورىمايلا ئىختىيارىچە سىرتلارغا چىقىۋەرسە بولىدىغۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ سىزگە سىرتقا چىقىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى.

شۇ كۈنى جۇڭگوغا بارىدىغان قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئالاھىدە ۋەزىپە ئورگىنىدىكى ئادەملەر بىلەن كۆرۈشتۇم. ئۇلار بىلەن مېنىڭ چوڭ قۇرۇلتايقا بېرىشىم ھەققىدە پاراڭلار بولدى. خاياشى ئەپەندىمۇ بۇ سۆھبەتتە بار ئىدى.

ئۇ ماڭا: «تەقدىرىڭىزنى ماڭا ئىشىنىپ تاپشۇرسىڭىزمۇ بولىدۇ» دېدى. بۇ سۆزلەر مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىمنى ئاشۇردى. مەن ئۇنى دۇنيادىكى ئەڭ يېقىن ئادىمىم دەپ تونۇدۇم. ئەتىسى سۆزۈكى ئەپەندىدىن تېلېفون كەلدى. ئۇ مېنى خىبىيا باغچىسىنىڭ يېنىدىكى ئاشخانىغا تەكلىپ قىلدى. مەن باردىم. ئويلىمىغان يەردىن ئوسمانمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارغانىكەن.

سۆزۈكى ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ مۇنداق دېدى:

— ئەسلىدە ئوسمان ماڭا سىزنى تەكلىپ قىلدۇرغانىدى.

— مەن ئۈستەلگە كەلدىم، سۆزۈكى جىمىپ قالدى. مەن تۈنۈگۈنكى خاياشىنىڭ سۆزىنى ئەسلىدىم، ئوسمان بولسا، يەرگە قاراپ ئۈنچىقماي ئولتۇراتتى.

سۆزۈكى يەنە سۆز باشلىدى:

— ئەسلىدە دادىڭىز بىلەن كۆرۈشەيلى دېيىشكەنىدۇق، ئەمما خاياشى ئەپەندى تېلېفوندا سىز بىلەن بىۋاسىتە سۆزلىشىش مەسلىھەتىنى بەردى.

مەن بۇ سۆزلەردىن گاڭگىراپلا قالغاندەك بولدۇم. شۇ چاغدا ئوسمان پەس ئاۋازدا سۆز باشلىدى. ئۇ ياپونچىنى يېڭى ئۆگەنگەن تەلەپپۇزدا دانە، دانە قىلىپ سۆزلىدى:

— مەن خاياشى ئەپەندى بىلەن سۆزلەشتىم. ئۇ ماڭا سەن ئامىنە بىلەن توي قىلساڭ بولىدۇ دېدى.

سۆزۈكى مۇنداق دەپ سۆز قىستۇردى:

— ئوسماننىڭ ياپونچە تىلى ھازىرچە بەكمۇ راۋان ئەمەس، ئۇ سىز بىلەن نىكاھلىنىشنى بەكمۇ خالايدۇ.

مەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ جىددىيلىشىشكە باشلىدىم. كىشىنىڭ ھېسسىياتى بىلەن ھېسابلاشماي، باشقىلارغا ئۆز ئىرادىسىنى زورمۇزور تېڭىشقۇ بۇ دەپ ئويلىدىم ۋە بىئارام بولدۇم.

مەن مۇنداق دېدىم:

— مەن ياپونىيەلىكمەن، چەت ئەللىك كىشى بىلەن نىكاھلىنالمايمەن، ئەگەر بۇ ئىش شۇنداق ئاسان بولسا، مەن ئاللىقاچان ئەرەبىستانغا كەتكەن بولاتتىم. مېنىڭ خاھىشىمغا قارىماي، ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنلىرى ئوخشىمايدىغان، نادامەت ئىچىدە قالغان بىر دۆلەتنىڭ كىشىسى بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلىغىنىڭلار قانداق گەپ... مېنىڭ باشقا ئارزۇلىرىم بار.

ئوسمان مېنىڭ ئىتتىك ئېيتىلغان بۇ سۆزلىرىمنى دەرھال ئاڭقىرىپ كېتەلىشى ناتايىن، ئەمما يۈزۈمدىكى ئىپادىدىن بىر نەرسە ھېس قىلدىمۇ، كۆڭۈلسىز قىياپەتتە مۇزىكانتلار تەرەپكە قارىۋالدى. بىر ئازدىن كېيىن، ئالا - يېشىل چىراقلارنىڭ يورۇقىدا ماڭا ھېسسىياتسىز تىكىلىپ قاراپ تۇرغان

بەختسىز ئوسمانىنىڭ كۆزلىرى مېنىڭ كۆزلىرىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

شۇ چاغقىچە ئەجەپ بايقىماپتىمەن، ئوخشايدىكەن... كوزلىرى... شۇنداق، مېنىڭ يېشىمدىن كېتىپ قالغان پاشا ئەخمەت شېرىپنىڭ كۆزلىرىگە نېمانچە...

مەن بىردىنلا ئوتتەك قىزغىنلىق، باھاردەك ئىللىقلىق بىلەن پاشاغا كۆڭۈل بەرگىنىمنى ئېسىمگە ئالدىم. كۆزلىرى پاشانىڭكىگە ئوخشايدىغان بۇ ئادەمگە تىكىلىپ قارىسام، گويا ئۇنىڭ ھەممىلا يېرى پاشانىڭكىگە ئوخشايدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، بۇ كىشى پاشادىن ئون ياشتەك كىچىك كۆرۈنەتتى. بۇ كىشىنى مەن تاغدەك ئىشەنگەن ئادەم تونۇشتۇرغانلىقى ئۈچۈن، مەن خىجىللىق ئىلكىدە قالدىم. ئېست، بۇ كىشى پاشانىڭ ئۆزى بولۇپ قالسىچۇ، ناۋادا شۇنداق بولسا – ھە، مەن ئاۋۋال بېيجىڭغا بارىمەن، بۇ كىشى ياشايدىغان ماكانغا بارىمەن، ئاندىن كېيىن ھىندىستان ۋە سىنگاپورلارغا بارىمەن، كىم بىلىدۇ، پاشانى ئۇچرىتىپ قېلىشىممۇ مۇمكىن. بۇ ئادەم پاشاغا بەكمۇ ئوخشايدىكەن، ئەپسۇسكى، پاشانىڭ ئۆزى ئەمەس!

مەن تەمكىنلىك بىلەن «گۈزەل قارىغاي» كافىخانىسىدىن چىقىپ توكيو بېكىتىگىچە پىيادە ماڭدىم.

## ياپونىيەدىن ئايرىلىش

دادام مانجۇرىيىنى تەكشۈرۈشكە بارغاندا، ئۇ يەردىكى مىللەتچىلەرنىڭ سۇيىقەستىگە ئۇچراپ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغان، شۇ چاغدا بىر ھەربىي ئەمەلدار ئۇنى قۇتۇلدۇرغانىكەن، ئۇنىڭ ئىسمى ئوكادا ئىدى. دادام ئۇنى شاپائەتچىم دەپ تونۇپ بېرىش ⅓ كېلىش قىلاتتى. ئۇ كىشى 30 يىل ئەتراپىدا مانجۇرىيە، موڭغۇلىيىلەردە ئىش ئېلىپ بارغانىدى. ئۇ پادىشاھ گورۇھىنىڭ مۇھىم ئادىمى ئىدى. ئۇ ئادەم ئائىلە قۇرمىغاچقا، بالىغا بەكمۇ ئامراق كىشى ئىدى. ئۇ مەن ئېسىمنى بىلگەندىن باشلاپلا، ئاكىلىرىمغا ۋە ماڭا باتۇرلۇق ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى، ئۇنىڭدىن ئىشتىكەنلىرىم مەندە مانجۇرىيە بىلەن موڭغۇلىيىگە قارىتا ھېسداشلىق قوزغىغانىدى. ھازىر ئۇ مانجۇرىيىدە ھەربىي مەسلىھەتچى بولۇپ ئىشلەۋاتاتتى، يىلدا بىر قانچە قېتىم ياش كاتىپنى ئەگەشتۈرۈپ ياپونىيىگە كېلىپ - كېتىپ يۈرەتتى.

ئۇ كىشىگە «مەن كۈنلىرىمنى ناھايىتى مەنىلىك ئۆتكۈزۈۋاتىمەن، يېقىنقى كۈنلەردە توكيودىن چوڭ قۇرۇلۇقتا بارىمەن، ئۇچرىشىپ قالساق ھالىمدىن خەۋەر ئالارسىز» دېگەن مەزمۇندا خەت يېزىۋەتتىم. مەن بۇ ئىشلارنىڭ دادامنى ئىنتايىن ئېغىر ئازابتا قالدۇرۇشىنى ئويلىمىغانىدىم. مېنىڭ خىيالىمچە، ئالدىمدىكى ئىشلار ئىنتايىن كىچىك ئىشلاردەك بىلىنەتتى. دادام ئۈچۈن ئېيتقاندا يېغىشتۇرۇۋالغىلى بولمىغىدەك چوڭ ئىش ئىدى. مەن ھەۋەسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، دادام ۋە ئاپامنىڭ ئۈمىدلىرىنى يەردە قويۇپ، مەلۇم سىياسىي ئىستىراتېگىيىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۆز دۆلىتىمنى تاشلاش قارارىغا كەلدىمدە، نېسىپ بولغان پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، بىرەر پارچە خەتمۇ قالدۇرماستىن، ئائىلەمدىن يوشۇرۇنچە قېچىپ چىقىپ ياپونىيەدىن ئايرىلدىم.

بېيجىڭغا چۈشكەندىن كېيىن، تېزدىن شىنجىن دېگەن جايدىكى ئوكاداغا تېلېگرامما بەردىم، ئۇ كىشى ھايال بولمايلا مەن تۇرغان مېھمانخانىغا كەلدى. «سەن قانداق قىلىپ بېيجىڭغا كېلىپ قالدىڭ؟» دېدى ئۇ. بۇ ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان بىرىنچى ئېغىز سۆز ئىدى. مەن ئۇنچىقمىدىم، بۇ يەردە ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويسام بارلىق ئىشلار كۆپۈككە ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. مەن ئىلاجىنىڭ بارىچە بىچارە قىياپەتكە كىرىپ، ئۇنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش مەقسىتىدە، ھازىرغىچە بولغان ئىشلارنى بىر قۇر بايان قىلدىم ۋە شىنجاڭغا بېرىش ئارزۇيۇمنى ئېيتتىم. ئۇ ئىشەنمىگەن قىياپەتتە تۇرسىمۇ بۇ ئىشلىرىم ئۈچۈن مېنى ئەيىبلىدى.

يات شەھەر، نامەلۇم تۇپراقتا بۇ كىشىنىڭ مېنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىگە خۇشال بولۇپ كۆزلىرىمگە ياش ئالدىم.

(داۋامى بار)

نامرات بولساڭ يەرگە ئىشلە

ھوسۇل ئېلىپ ياقتان چىشلە

— ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىن

ئۇقۇش قايدا بولسا ئۇلۇغلۇق تاپار

بىلىم كىمدە بولسا ئۇ كۆركلۈك تاپار

— «قۇتادغۇ بىلىگ» دىن




新疆文史

«شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شەرق شامىلى يولى 14 ـ بىنا (تىيانشان مېھمانخانىسى) ، 107 ـ نومۇرلۇق ئۆي.

تېلېفون نومۇرى: 2822254 ئارقىلىق 68124. پوچتا نومۇرى: 830002

شىنجاڭ شىنخۇا 3 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.

ئىچكى گېزىت ـ ژۇرناللارنى بېسىشقا رۇخسەت قىلىش كىنىشكىسى

1281 (IX)

باھاسى ¥200